بسم الله الرحمن الرحيم

مۇھەممەد يۈسۈپ

# بىزنىڭ دىنىمىز

## — زۆرۈر ئوقۇشلۇق —

ئىسلامي ئەسەرلەر نەشرىياتى

# بىزنىڭ دىنىمىز

## دىننا

| | |
|---|---|
| مۇھەممەد يۈسۈپ | محمد يوسف محمد تورسون |
| 2025-يىلى مارت | ١٤٤٦هـ رمضان |
| ئالتىنچى نەشرى | الطبعة السادسة |
| ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى | المطبوعات الإسلامية للطبع |
| لايىھە: ئا. ئاقھۇن | تصميم: ع. آقهون |

ISBN: 978-625-00-7100-7

ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى كىتابخانىلاردا تارقىتىلىدۇ

تور بېتىمىز: https://dinhayat.com/
ئالاقىلىشىش ئې-خەت ئادرېسىمىز: muhammedzai571@gmail.com
ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئادرېسلىرىمىز: ئېكس: myusuf
فېيىسبۇك: muhammed yusuf | ئىنستىگرام: imranjan31

ئىستانبۇل

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ئۇشبۇ كىتابنى مەرپەتلىك ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ قارىھاجىم ئۇزۇن يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىمان، ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ھەق-ھۇقۇق، مۇئامىلە جەھەتلەردىكى پىرىنسىپلىرىنى ۋە مىللىي قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنى ساغلام ئۆگىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھ بەرگەن پۈتۈن ئىلمىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىقىپتۇ. مېھرىبان ئاللاھ مۇئەللىپنىڭ خالىس نىيەت بىلەن قىلغان بۇ خىزمىتىگە ھېسابسىز ئەجىر-مۇكاپات ئاتا قىلغاي، ئامىن.

كەمىنە ئۇشبۇ كىتابنى بېسىپ تارقىتىش ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن قوللاشنى نىيەت قىلدىم. مېھرىبان ئاللاھنىڭ مەندەك ئاجىز قۇلىغا شۇ پۇرسەتنى بەرگىنىگە چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. كەرەملىك ئىگەم ئاللاھتىن بۇ ئاددىي خىزمىتىمنى سەدىقە جارىيە قاتارىدا قوبۇل قىلىپ، ساۋابىنى پۈتۈن ھاياتىنى بىزگە بېغىشلاپ، بىزنىڭ ھېچقانداق راھىتىمىزنى كۆرمەي دۇنيادىن كەتكەن مەرھۇمە ئانام بۇھاجەر ئەييۇبقا نېسىپ قىلىشىنى تىلەيمەن.

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى كۆيۈمچان، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## كىرىش سۆز

بارچە مەدھىيە ۋە ئەڭ مۇكەممەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا غا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنى ماختايمەن. ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى سۆ-يۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيا-مەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن ۋە سالام يوللايمەن.

پېقىر كۆپ ۋاقىتتىن بىرى پەرزەنتلىرىمىزگە دىنىمىزنى ئەڭ ئوڭاي يول بىلەن ئۆگىتىدىغان، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بىر ئەسەر تەييارلاشنى ئويلاپ كەلگەن بولسامۇ پۇرسەت تاپالماي كەلگەن ئىدىم. مانا ئەمدى جانابى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى «بىزنىڭ دىنىمىز» ناملىق بۇ ئەسەر سىزنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە ئىسلامىي قىممەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەڭ قىسقا يول

بىلەن ئەڭ توغرا ۋە مۇكەممەل چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ.

گەرچە بۇ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئاتاپ ھازىرلانغان بولسىمۇ، چوڭلار ئۇچۇنمۇ ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك ھەم ئىخچام بىر ئوقۇشلۇقتۇر.

ئاتا-ئانىلاردىن بۇ ئەسەرنى باللارغا پىششىق ئوقۇ-تۇشلىرىنى ۋە بۇ ماۋزۇدا ئۇلارغا كۆپرەك ياردەمچى بولۇشلىرىنى سورايمەن.

بۇ كىتاب تۆت بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار:

1. **بىزنىڭ ئىمانىمىز**
2. **بىزنىڭ ئەخلاقىمىز**
3. **بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىز**
4. **بىزنىڭ ئەقىدىمىز**
5. **بىزنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىمىز**

كىتابنىڭ كۆك رەڭلىك قىلىنغان جايلىرى يادلاش ئۈچۈن بولۇپ، ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ شۇ جايلارنى يادلىۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ ئەسەرنى تۈرلۈك خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلارنىڭ، ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ۋە تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۆتۈنىمەن.

– مۇھەممەد يۇسۇپ

ھىجرىيە 1446-يىلى جامادىيەل ئاخىر،
مىلادىيە 2025-يىلى 21-يانۋار.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........ 7
مۇقەددىمە ........ 19
دىن ئۇقۇمى ........ 19
دىنىنىڭ تۈرلىرى ........ 19
ئىسلام دىنى ........ 20
ئىسلامغا كىرىش ........ 21
ئىسلامنىڭ مەقسىتى ........ 21
ئىسلام نېمىگە بۇيرۇيدۇ ........ 22
توغرا ئېتىقاد ........ 22
ئىمان ........ 23
گۈزەل ئەخلاق ........ 23
خالىس ئىبادەت ........ 24
دۇرۇس مۇئامىلە ........ 25

## بىزنىڭ ئىمانىمىز

ئىماننىڭ ئاساسلىرى ........ 29
(1) ئاللاھقا ئىشىنىش ........ 29
ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان
مەسىلىلەر ........ 29
ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشىمىز زۆرۈر بولغان سۈپەتلىرى ........ 30
(2) پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ........ 33
پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى ........ 33
(3) ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش ........ 34

قۇرئان كەرىمدە بىزگە بىلدۈرۈلگەن كىتابلار: ..... 35
ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش ئۆز ئىچىگە
ئالىدىغان ھەقىقەتلەر ..... 36
(4) پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ..... 36
پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى ..... 37
پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى ..... 37
پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىللىرى ..... 37
مۆجىزە ..... 38
پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلار ..... 38
(5) قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش ..... 39
قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى ..... 40
قازا ۋە قەدەر تۆۋەندىكى تۆت ئىشقا ئىشىنىشنى تەلەپ
قىلىدۇ: ..... 41
(6) قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ..... 42
ھەقىقىي ھايات ئاخىرەت ھاياتىدۇر ..... 42
قەبرىدىكى راھەت ۋە ئازاب ..... 43
بەرزەخ ئالەمى ..... 44
قىيامەتنىڭ ۋاقتى ..... 44
قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ..... 45
قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى ..... 45
قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى ..... 46
قىيامەتنىڭ باشلىنىشى ..... 47
قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار ..... 48
ئىمانغا زىت كېلىدىغان ئىشلار ..... 49
كۇفرى ..... 49
كۇفرىنىڭ تۈرلىرى ..... 49
ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ..... 50

ئەمەلدىكى كۇفرىلىق ........ 51
نىفاق ........ 53
شېرىك ........ 54
شېرىكنىڭ تۈرلىرى ........ 54
دەم سېلىش ۋە تۇمار ئېسىش ........ 57
دەم سېلىش ئۇسۇلى ........ 57
تۇمار ئېسىش ........ 58
قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ........ 58
زىيارەت قىلىش ئۇسۇلى ........ 58
مۇرتەدلىك ........ 59
مۇرتەد بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار ........ 59
مۇرتەد بولغانلارغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ........ 60
بىدئەت ........ 60

## بىزنىڭ ئەخلاقىمىز

گۈزەل ئەخلاق دىنىمىزنىڭ غايىسىدۇر ........ 65
ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ مۇھىملىقى ........ 66
گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش چارىلىرى ........ 66
بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز ........ 66
دىنىمىزغا قارىتا بۇرچىمىز ........ 67
بىزنىڭ ئاللاھقا قارىتا بۇرچىمىز ........ 67
بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز ........ 67
قۇرئان كەرىمگە قارىتا بۇرچىمىز ........ 67
ئۆزىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز ........ 68
تېنىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز ........ 68
روھىمىزغا قارىتا بۇرچىمىز ........ 68
ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتا بۇرچىمىز ........ 68

ۋەتەنگە ۋە خەلقىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز ........ 69
پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتا بۇرچىمىز ........ 69
ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ........ 70
تىلىمىز بىزنى ۋە دىنىمىزنى قوغدايدۇ ........ 70
تەبىئەتكە قارىتا بۇرچىمىز ........ 71
گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى ........ 72
گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان قىلمايدىغان ئىشلار ........ 73
گۈزەل ئەخلاقتىن بەزى نەمۇنىلەر ........ 74
راستچىللىق ........ 74
راستچىللىق جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالىتى ........ 76
ئادالەت ........ 77
ئىشلەش ........ 78
ئەمگەك ئىنساننىڭ شەرىپىدۇر ........ 79
رىزىق ئىشلەمەستىن قولغا كەلمەيدۇ ........ 80
ئاتا ـ ئانىنى قەدىرلەش ........ 80
ئاتىنىڭ ئەجرىمۇ ئانىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ ........ 82
شۈكۈر ........ 83
شۈكۈرنىڭ تۈرلىرى ........ 84
شەرم - هايا ........ 85
شەرم ـ هايا ۋە نومۇسچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر ........ 86
هايانىڭ يوقۇلۇشى پۈتۈن پالاكەتلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر ........ 86
هايا ـ هاياتلىقتۇر ........ 87
هايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى ........ 88
هايا بىلەن ئىمان قوشكېزەكتۇر ........ 88
سەۋرچانلىق ........ 89
سەۋرنىڭ تۈرلىرى ........ 89
ساقلاش ۋە كۈتۈشمۇ سەۋردۇر ........ 91
ئامانەت ........ 92

ئاللاھقا خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ .......... 93
پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ .......... 93
ئەپۇچانلىق .......... 93
1. سۆكۈلىدىغان تۇردىكى ئەپۇ قىلىش .......... 94
2. ماختىلىدىغان تۇردىكى ئەپۇ قىلىش .......... 95
3. رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش .......... 96
ۋاقىتنى قەدىرلەش .......... 97
ئەقىللىك كىشىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ .......... 97
ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ .......... 98
كەمتەرلىك .......... 99

## بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىز

ئىمان بىلەن ئىبادەتنىڭ مۇناسىۋىتى .......... 103
دىنىمىزنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرى .......... 103
ئەمەل-ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت نېمە؟ .......... 104
ئىبادەت قىلىشنىڭ پرىنسىپى نېمە؟ .......... 104
ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى .......... 104
ئىبادەتنى قانداق قىلىش كېرەك؟ .......... 105
ئىخلاس دېگەن نېمە؟ .......... 105
ئېھسان دېگەن نېمە؟ .......... 106
ئىبادەت قاتارىغا كىرىدىغان ئىشلار .......... 106
ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى .......... 107
مۇئامىلىۋى ئىبادەت .......... 107
سىمۋوللۇق ئىبادەت .......... 108
ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرى .......... 110
1. تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلىش .......... 110
2. دىل بىلەن ئىبادەت قىلىش .......... 110

3. تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش ........ 111
4. تەن بىلەن ئىبادەت قىلىش ........ 111
5. پۇل - مال بىلەن ئىبادەت قىلىش ........ 112
6. جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ........ 112
7. ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ........ 112
ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا سالاھىيەت بولۇش ........ 113
باللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ........ 113

## بىزنىڭ ئەقىدىمىز

بىزنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 117
بىزنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 117
بىزنىڭ تەۋھىد ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 117
بىزنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 117
بىزنىڭ غەيب ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 118
بىزنىڭ شەرىئەت ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 118
بىزنىڭ خەلىپە ياكى ئىماملىق ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 118
بىزنىڭ مەزھەپ ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 119
بىزنىڭ فىقھىي مەسىلىلەرى ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 119
بىزنىڭ دوست- دۈشمەن ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 119
بىزنىڭ مۆئمىنلەر ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ........ 120
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ........ 121
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ........ 122
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ........ 123
1. راستچىللىق ........ 123
2. ئىنتىزامچانلىق ........ 125
3. قايتماس ئىرادە ........ 126
ئەھلى بەيت ۋە ئۇلارغا قارىتا مەجبۇرىيىتىمىز ........ 127
ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ........ 128

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ..... 129
قۇرئان كەرىمنىڭ تارىخى ..... 130
سۈننەتنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى ..... 132
«قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش ئۈچۈن سۈننەتكە موھتاجمىز ..... 133
ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ..... 134
پەرز بولغان ئىلىم ..... 135
فىقھى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ..... 136
مەزھەپ ھەققىدىكى مەسىلىلەر ..... 136
ئىسلامدىكى مەزھەپلەر ..... 137
ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر
سۈرۈۋاتقان فىقھى مەزھەپلەرنىڭ مەشھۇرلىرى ..... 137
ھەنەفىي مەزھىپى ..... 138
مالىكىي مەزھىپى ..... 138
شافىئىي مەزھىپى ..... 138
ھەنبەلىي مەزھىپى ..... 139
ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ ئالامىتى ..... 139
ئەۋلىيانىڭ ئالامىتى ..... 140
ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ..... 140
مۆجىزە ..... 141
كارامەت ..... 141
سېھىر ..... 141
دۇئا ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ..... 142
دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ..... 143
ۋەسىلە ..... 145
ۋەسىلە قىلىش ئۇسۇلى ..... 145
تەۋبە - ئىستىغپار ..... 147
تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى ..... 148
مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئوخشىۋېلىشنىڭ خاتالىقى ..... 150
مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراش خاتادۇر ..... 150

قەبرە قاتۇرۇشنىڭ ھۆكمى ..... 151
تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەشنىڭ ھۆكمى ..... 151
ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىنى خاتىرىلەشنىڭ ھۆكمى ..... 152
يېڭى يىل بايرىمى (روژدىتسىۋا بايرىمى)نى قۇتلاشنىڭ
ھۆكمى ..... 152
مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك
ئىشلار ..... 152
مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق
قىلماسلىق ..... 153
ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇش گۇناھ ئەمەس ..... 153
مۇسۇلمانلارنى پىكىر ياكى مەزھەپ ئايرىمىچىلىقى
سەۋەبلىك چەتكە قاقماسلىق ..... 154
مۇسۇلمان بولمىسىمۇ تىنچلىقپەرۋەر كىشىلەرگە
دۈشمەنلىك قىلماسلىق ..... 155
مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياردەم قىلىش ..... 156
مۇسۇلمانلار يامان كۆرۈشكە تېگىشلىك كىشىلەر ..... 156
جىھاد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ..... 156
جىھادنىڭ شەكىللىرى ..... 157
قوراللىق جىھادقا بۇيرۇلۇشنىڭ سەۋەبى ..... 157

## بىزنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىمىز

قائىدە- يوسۇن ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ..... 161
ئۇيغۇرلاردا قائىدە-يوسۇن ..... 161
قائىدە-يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك ..... 162
بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇرۇش ..... 162
خانىم-قىزلارنىڭ كىيىنىشى ..... 163
ھىجابنىڭ ئۆلچىمى ..... 164
خانىم-قىزلارنىڭ سىرتقا چىقىشتىكى ئەدەپ-
قائىدىلىرى ..... 164
تۇغقاندارچىلىق ..... 165
تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش قوش ساۋابلىق
ئەمەلدۇر ..... 165

قوشنىدارچىلىق ........ 166
قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى ........ 167
قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش ........ 168
كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر ........ 169
ئائىلە ئولتۇراق رايونىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى ........ 170
لىفىتقا چىقىشنىڭ قائىدىسى ........ 170
مەكتەپ ۋە ئىش ئورنىدىكى ئەدەپ-قائىدىلەر ........ 171
قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇش قائىدىسى ........ 172
ئاپتوموبىللىق يۈرۈش ئەخلاقى ........ 172
مەسجىدلەردىكى ئەدەپ-قائىدىلەر ........ 173
رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ئەدەپ-قائىدىلەر ........ 173
سالاملىشىش ........ 173
ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىشنىڭ ئۆزگىچىلىكى ........ 174
سالاملىشىشنىڭ قائىدىسى ........ 175
سالام بېرىش تەرتىپى ........ 176
ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى قائىدە-يوسۇنلار ........ 176
تور ئەخلاقى ........ 176
يانفون ئىشلىتىشكە چەك قويۇش ........ 177
يانفوندىن يىراقلىشىش مەشقى ........ 177
تېلېفون ئالاقىسىدىكى قائىدە-يوسۇنلار ........ 178
كېسەللەرنى يوقلاشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر ........ 179
كېسەل يوقلاشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار ........ 180
مۇسۇلمان ئەمەس كېسەللەرنىمۇ يوقلاش ساۋابلىقتۇر ........ 180
سورۇن ۋە سورۇنداشلىقنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى ........ 181
سورۇندا جاي تالاشماسلىق ........ 182
چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق ........ 182
سورۇننىڭ ئەدەپلىرى ........ 183
داستىخاندىكى ئەدەپ-قائىدىلەر ........ 183
ئائىلە ھاياتىدىكى بىر يۈرۈش قائىدە-يوسۇنلار ........ 184

ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە ئېيتىلىدىغان سۆزلەر ........................ 193
بىر يۈرۈش قائىدە- يۇسۇنلار ................................................ 196
ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار .................. 198
ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار ........... 204

# مۇقەددىمە

## دىن ئۇقۇمى

**دىن - ئىنسانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن بويسۇنىدىغان قائىدە-پرىنسىپلاردۇر.**

ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بۇيان دىنسىز ياشىمىغان بولۇپ، مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن بىرەر دىنغا باغلانغان. دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ دىنى بولغان.

## دىنىنىڭ تۈرلىرى

**دۇنيادا ئۈچ تۈرلۈك دىن بار بولۇپ، ئۇلار: ھەق دىن، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىن ۋە باتىل دىندۇر. ھەق دىن ئىسلامنى، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىن يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرىنى، باتىل دىن بۇددا، ھىندىي، مەجۇسىي دىنلىرىنى كۆرسىتىدۇ**

ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىن ئەسلىدە ۋە ماھىيىتىدە بىر دىن بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئىدى.

كېيىنچە پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنسانلار توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىپ، ئۇ دىننى ئۆزگەر-تىۋېتىپ، ئۇنىڭغا يەھۇدىي دىنى، خرىستىيان دىنى دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇۋالغان. شۇڭا بۇنداق دىنلار

«ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىنلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

يەنە بەزى ئىنسانلار ھەق دىندىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن ئەسلى بولمىغان دىنلارنى پەيدا قىلىۋالغان. مۇنداق دىنلار «باتىل دىنلار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار بۇددا، ھىندىي، مەجۇسىي دىنلىرىدۇر.

## ئىسلام دىنى

**ئىسلام دىنى– ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەق دىن بولۇپ، ئۇ ھاياتلىق قانۇنىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلمايدۇ.**

ئىسلام دىنى تا قىيامەتكە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دىنىدۇر. ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الأِسْلاَمَ دِيناً﴾ «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[1].

ئاللاھ تائالا ئىسلامدىن باشقا ھېچقانداق دىننى قوبۇل قىلمايدۇ. ﴿إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللّهِ الإِسْلاَمُ﴾ «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولغان دىن ئىسلامدۇر»[2]. ﴿وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الإِسْلاَمِ دِيناً فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ «كىمكى ئىسلامدىن باشقا بىر دىننى تىلەيدىكەن، ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، (مۇنداق ئادەم) ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر»[3].

---

[1] مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى 19ـ ئايەت.

[3] ئالى ئىمران سورىسى 85 ـ ئايەت.

## ئىسلامغا كىرىش

كىشىلەر ئىسلامغا «لاإله إلا الله محمد رسول الله ـ لائىلاھە ئىللەللاھـۇ، مۇھەممەدۇن رەسـۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، دىلىدا ئىشىنىپ، تىلىدا ئىپادىلەش بىلەن كىرىدۇ.

كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر، دېگەنلىكتۇر. «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى بىزدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلغان ھالدا، ئىبادەت ۋە دۇئالار-نى ئۇنىڭغىلا قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەنلىرى بويىچە ھايات كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى بىزدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئۇ زات بۇيسۇنغاندەك بويسۇنۇشنى، ئۇ زات ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىشنى ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئۇ زات ئۆگەتكەندەك ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ئىسلامنىڭ مەقسىتى

ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى ئىنسانلارنى مەخلۇقاتقا چوقۇ-نۇشنىڭ خارلىقىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەزىزلىكىگە چىقىرىش ۋە دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشتۇر.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ھاياتقا، تولۇق خاتىر-جەملىككە ئېرىشىش ۋە دۇنيادا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ،

ئەركىن، ئازادە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن قانۇن- پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش شەرتتۇر.

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ ءَامَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّٰلِحَٰتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِى الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِى ارْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا﴾ «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى.»[1]

## ئىسلام نېمىگە بۇيرۇيدۇ

**ئىسلام توغرا ئېتىقاد، گۈزەل ئەخلاق، خالىس ئىبادەت ۋە دۇرۇس مۇئامىلىگە بۇيرۇيدۇ.**

## توغرا ئېتىقاد

**توغرا ئېتىقاد-شېرىك ۋە رىيادىن يىراق بولغان خالىس ئىماندۇر**

ئاللاھ تائالا بىزنى توغرا ئېتىقادقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوٓا ءَامِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَالْكِتَٰبِ الَّذِى نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَالْكِتَٰبِ الَّذِىٓ أَنزَلَ مِن قَبْلُ ۚ وَمَن يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَالْيَوْمِ الْءَاخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا﴾ «ئى

[1] نۇر سۈرىسى:55-ئايەت.

ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.»[1]

## ئىمان

**ئىمان – ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھسساللامغا بىلدۈرگەنلىرىگە ئىشىنىشتۇر.**

﴿لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَـٰكِنَّ الْبِرَّ مَنْ ءَامَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْـَٔاخِرِ وَالْمَلَـٰٓئِكَةِ وَالْكِتَـٰبِ وَالنَّبِيِّـۧنَ﴾ «سىلەرنىڭ كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش تەرەپكە يۈز-لىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، (ئاللاھ نازىل قىلغان) كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر.»[2]

## گۈزەل ئەخلاق

**گۈزەل ئەخلاق - راستچىللىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، كەمتەرلىك، مەسئۇلىيەتچانلىق، ئىشچانلىق، رەھىمدىللىك قاتارلىق ئۆزىمىزگە، ئائىلىمىزگە، جەمئىيىتىمىزگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلاردۇر. گۈزەل ئەخلاق دىنىمىزنىڭ غايىسى ۋە ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر.**

---

[1] نىسا سۈرىسى: 136-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 177-ئايەت.

گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسى بولغان راستچىللىق ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[2] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ قانداق ئادەمنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، «ئاللاھ ئەڭ ئەخلاقلىق بولغان ئادەمنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىپ: «مەن ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىمەن»[4] دەپ كۆرسەتكەن. گۈزەل ئەخلاق كۈندىلىك تۇرمۇشتا چېتىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئومۇمىيلىقى، رولى، تەسىرى ۋە تەربىيە جەھەتتىن مەنىۋى كۈچلەرنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا دىنىمىز بىزنى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ.

## خالىس ئىبادەت

**ئىبادەت– ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ قىلىڭلار دېگەنلىرىنى قىلىپ، قىلماڭلار دېگەنلىرىنى قىلماي، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، بۇيرۇغىنى بويىچە ھايات كەچۈرۈشتۇر.**

ئاللاھ تائالا بىزنى ئىبادەتكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 70- ئايەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[4] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا﴾ «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار»[1].

ئىبادەت ـ ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز ۋە ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر»[2].

## دۇرۇس مۇئامىلە

**دۇرۇس مۇئامىلە ـ ئائىلە ئەزالىرىمىزغا، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە، مۇھتاجلارغا ۋە جانلىق-جانسىز بارلىق مەۋجۇداتقا سۆيگۈ-مۇھەببەت، سەمىمىيلىك، ۋىجدان بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشتۇر.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا اللَّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُوا لِلنَّاسِ حُسْنًا وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ إِلَّا قَلِيلًا مِنْكُمْ وَأَنْتُمْ مُعْرِضُونَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە

---

[1] نىسا سۈرىسى:36ـ ئايەت.

[2] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «العبودية» (قۇلچىلىق) ناملىق ئەسىرى 2 ـ بەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن؛ ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى مېھمىنىغا ئىززەت_ ئىكرام قىلسۇن؛ ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن»[1].

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# بىزنىڭ ئىمانىمىز

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى

1.ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش؛
2. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش؛
3. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش؛
4. ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش؛
5. قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش؛
6. ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

ئىماننىڭ يۇقىرىقى ئالتە پرىنسىپىغا، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان پۈتۈن ئىشلارغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە يولغا قويۇلغان جىمى ئەھكاملارنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلغان كىشى ھەقىقىي مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ.

### (1) ئاللاھقا ئىشىنىش

ئاللاھ ئەزەلدىن بار بولغان يېگانە ئىلاھتۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن كائىناتنى يارىتىشىدا، پەرۋىش قىلىشىدا ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر. ئۇ بارلىق ئەيىب ـ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر

#### ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەسىلىلەر

1. ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشىنىش.

2. ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. «سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[1].

3.ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر، ئىلمىنىڭ چەكسىز، ھېكمىتىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. «ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئاللاھتىن بۆلەك ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر»[2].

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم- سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ھەدىسلىرىدە كەلگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمەستىن، ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىش ۋە ئۇنى شۇ ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاش. «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار»[3].

## ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشىمىز زۆرۈر بولغان سۈپەتلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن ئىسىم-سۈپەتلىرى بار بولۇپ،بىز ھەممىسىگە ئىشىنىشكە بۇيرۇلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

### 1.حَيٌّ (ھايات بولغۇچى)

ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن تىرىك بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن تىرىكتۇر. ﴿اللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ

[1] بەقەرە سۈرىسى 163 ـ ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

[3] ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

﴿الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

### 2.عَالِمٌ (بىلگۈچى ئالىم)

ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئۇ ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن بىلگۈچىدۇر. ﴿وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»[2].

### 3.قَادِرٌ (ھەممىگە قادىر)

ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. ھېچ نەرسىدىن ئاجىز كەلمەيدۇ. ﴿وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «ئاللاھ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر»[3].

### 4.مُرِيدٌ (ئىرادە قىلغۇچى)

ئاللاھ تائالا ئىرا قىلغۇچىدۇر. ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسى بولمىسا ھېچ نەرسە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ﴿فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ﴾ «ئاللاھ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر»[4].

### 5. مُتَكَلِّمٌ (سۆزلىگۈچى)

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

[3] ھەدىد سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

[4] بۇرۇج سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

ئـالللاھ تائـالا سـۆزلىگـۈچىدۇر. ئـۇ ئۆزىگـە لايـىق سـۈپىتى بىلـەن سـۆزلىگۈچىدۇر. ﴿وَكَلَّمَ اللّهُ مُوسَى تَكْلِيماً﴾ «ئـالللاھ مۇساغا سۆز قىلدى»[1].

## 6. مُكَوِّنٌ (ئىجاد قىلغۇچى)

ئالـلاھ تائـالا پۈتـۈن مەخلۇقاتنىـڭ پەيـدا قىلغۇچىسـىدۇر. كائىنـات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىـق شـەيئىلەر ئالـلاھ تائالانىـڭ يارىتىشـى ۋە ئىجـاد قىلىشـى بىلـەن پەيـدا بولغانـدۇر. ﴿اللّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ﴾ «ئالللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر»[2].

## 7.سَمِيعٌ (ئاڭلىغۇچى )

ئـالللاھ تائـالا ھـەر قانـداق ئاۋازلارنـى، دۇئالارنـى ۋە مۇناجاتلارنـى ئۆزىگـە لايـىق سـۈپىتى بىلـەن ئاڭلىغۇچىـدۇر. ﴿وَاللّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ «ئـالللاھ ھەممىنـى ئـاڭلاپ تورغۇچىـدۇر ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[3].

## 8.بَصِيرٌ (كۆرگۈچى)

ئالللاھتائـالا ھەممىنـى كـۆرۈپ تۇرغۇچىـدۇر، ھەتتا قاراڭغـۇ كېچىـدە قـارا تـاش ئۈسـتىدىكى قـارا چۈمۈلىلەرنىـڭ ھەرىكەتـ-ـلىرىنىمۇ ئېنىـق كـۆرۈپ تۇرغۇچىـدۇر.﴿وَاللّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ﴾ «ئـالللاھ بەندىلىرىنـى (ۋە ئۇلارنىـڭ ھەممـە ئىشـلىرىنى) كـۆرۈپ تۇرغۇچىـدۇر»[4].[5]

---

[1] نىسا سۈرىسى 164 ـ ئايەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

[3] مائىدە سۈرىسى 76 ـ ئايەت.

[4] ئال ئىمران سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

[5] ئـالللاھ ئائالانىـڭ ئىسىم-سـۈپەتلىرىنى تولـۇق بىلمەكچى بولغـانلار

## (2) پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش

**ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتە دەپ ئاتىلىدىغان بەندىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن بولىدىغان، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى قىلىدىغان، گۇناھ قىلمايدىغان بەندىلەردۇر**

### پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى

ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ھەمىشە ئۇنىڭغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدىغان ھۆرمەتلىك، ئىتائەتچان ۋە گۇناھتىن پاك بەندىلەردۇر. ئۇلار ئەر ياكى ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ، يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ ۋە ئۇخلىمايدۇ. ﴿بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُم بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى «(پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار (ئاللاھتىن ئەمر بولماستىن) سۆز قىلمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ»[1].

پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش. چۈنكى، پەرىشتىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرىدىن سانىلىدۇ.

2. جىبرىل، ئىسراپىل، مىكائىل ۋە ئۆلۈم پەرىشتىسى (ئەزرائىل) قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىز ئىسىملىرىنى بىلىدىغان پەرىشتىلەرگە تەپسىلىي، ئىسىملىرى بىزلەرگە مەلۇم

---

پېقىرنىڭ «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى» ناملىق ئەسىرىگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

بولمىغان جىمى پەرىشتىلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3.جىبرىلغا ئوخشاش بىزگە سۆيەتلىرى مەلۇم بولغان پەرىشتىلەرنىڭ سۆيەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە جىبرىلنى ئەسلىي سۈرىتىدە (600 قانىتى بىلەن ئۇپۇقنى يۆگىگەن ھالىتىدە) كۆرگەنلىكىنى بايان قىلغان. پەرىشتىلەر گاھىدا ئادەم سۈرىتىدىمۇ كۆرۈنىدۇ. ھەزرىتى مەريەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن پەرىشتىمۇ، ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدە كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ جىبرىل ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدە بىر قانچە قېتىم كۆرۈنگەن.

4. پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋالغان ۋەزىپىلىرى ۋە ئەمەللىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرىغا ئىشىنىش. مەسىلەن: جىبرىلنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلىك قىلىش. ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئەجىلى توشقانلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش. مىكائىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن شاماللارنى قوزغاش ئارقىلىق بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زېمىننىڭ ئاللاھ تائالا خالىغان جايلىرىغا يامغۇرلارنى ياغدۇرۇش. ئىسرافىلنىڭ ۋەزىپىسى قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا، بىرىنچى قېتىملىق سۈرغا پۈۋلەش ئارقىلىق بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە ئاخىرەت ئالىمى باشلانغان كۈنىدە، ئىككىنچى قېتىملىق سۈرغا پۈۋلەش بىلەن ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتۇر.

## (3) ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش

**ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە كىتابلارنى چۈشۈرگەن. ئۇ كىتابلاردا**

**ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ھايات كەچۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان كۆرسەتمىلەر باردۇر.**

**قۇرئان كەرىمدە بىزگە بىلدۈرۈلگەن كىتابلار:**

1. تەۋرات ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿إِنَّآ أَنزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى چۈشۈردۇق»[1].

2. زەبۇر ـ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. (تەۋراتتىن ئورۇن ئالماقتا. ﴿وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُوراً﴾ «داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق»[2].

3. ئىنجىل ـ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَآتَيْنَاهُ الإِنجِيلَ﴾ «ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق»[3].

4. قۇرئان كەرىم ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿إِنَّآ أَنزَلْنَاهُ قُرْآناً عَرَبِيّاً لَّعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ چۈشۈردۇق»[4].

بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مەڭگۈلۈك كۈچكە ئىگە كىتاب قۇرئان كەرىم بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەشئەلدۇر. ﴿كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ﴾ «(بۇ قۇرئان) رەببىڭنىڭ ئىزنى بىلەن ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىشىڭ، يەنى غالىب ۋە مەدھىيەگە لايىق بولغان

---

[1] مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 163 ـ ئايەت.

[3] ھەدىد سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

[4] يۇسۇپ سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ يولىغا باشلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا بىز چۈشۈرگەن كىتابتۇر»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

1. پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن كىتابلارنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىش.

2. قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ئىسىملىرى بىزگە بىلدۈرۈلگەن ۋە بىلدۈرۈلمىگەن بارلىق ساماۋى كىتابلارغا ئىشىنىش.

3. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن خەۋەرلىرىگە، بۇيرۇغانلىرىغا ۋە مەنئى قىلغانلىرىغا (چەكلىگەنلىرىگە) ئىشىنىش.

4.قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى بىلىپ ئەمەل قىلىش.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە ساقلىنىدىغان، ھېچ ئۆزگەرتىلمەيدىغان، ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، مەنىسى ۋە تېكىستى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ بولغان ئۇلۇغ كىتابتۇر.

## (4) پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش

پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ئېلىشتا، ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتە ۋە ئەمەل قىلىشتا قىلچە خاتالاشمىغان، بارچە ئەيىب - نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك زاتلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگىدۇر.

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 1 - ئايەت.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى

پەيغەمبەرلەر ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەرگە ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە زاتلار بولۇپ، ھەرقانداق پەيغەمبەردە بولىدىغان ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ بېشىدا راستچىللىق، ئىشەنچلىك ۋە ھوشيارلىق كېلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بالىلىق چاغلىرىدىلا «مۇھەممەدۇل ئەمىن» (ئىشەنچلىك مۇھەممەد، دەپ نام ئالغان زاتتۇر.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى

ئاللاھ تائالا دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى نۇرغۇن پەيغەمبەر-لەرنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمدە پەقەت 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلار: ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۈسۈپ، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، داۋۇد، سۇلايمان، يۇنۇس، ئىلياس، ئىليەسە، زۇلكىفل، زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

بىز قۇرئان كەرىمدە ئىسمىلىرى كەلگەن 25 پەيغەمبەرگە ۋە ئىسمىلىرى كەلمىگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشكە بۇيرۇلغان. ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلاً مِّن قَبْلِكَ مِنْهُم مَّن قَصَصْنَا عَلَيْكَ وَمِنْهُمْ مَّن لَّمْ نَقْصُصْ عَلَيْكَ﴾ «بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار»[1] .

## پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىللىرى

پەيغەمبەرلەرنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللىرى مۆجىزىلەردۇر.

---

[1] غافىر سۈرىسى 78 - ئايەت.

چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەرقانداق پەيغەمبەرگە مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بەرگەن. ﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق﴾[1].

## مۆجىزە

**مۆجىزە - ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىردىنبىر ئادەتتىن تاشقىرى ئىشتۇر. مۆجىزىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى يارىتىدۇ ۋە پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.**

## پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلار

پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىگە ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلغانلىق ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ سانىلىدۇ. شۇڭا خرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئىنكار قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى كەلگەن ۋە كەلمىگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ دىگەنلىكى ياكى قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان سۆز-ھەرىكەتلىرىگە، خۇسۇسەن، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن ئىنسانىيەتنى نىجاتلىق يولىغا باشلايدىغان پەيغەمبەر

---

[1] ھەدىد سۈرىسى 25 - ئايەت.

ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ۋە ئەگىشىش.

4. بىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسا- لامنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش. ﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِيَ أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيماً﴾ «رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[1].

## (5) قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش

**قەدەر ــ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانداق ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى، ئىنسانلار قىلىدىغان ياخشى - يامان بارلىق ئىشلارنى ئالدىن بەلگىلىشى دېگەنلىكتۇر.**

قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق»[2]، ﴿وَمَا يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ وَلَا أَصْغَرَ مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْبَرَ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾ «ئاسمان ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشىدىن چەتنەپ قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەن- گەن»[3] دېگەن ئايەتلەر بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] نىسا سۈرىسى 65 - ئايەت.

[2] قەمەر سۈرىسى 49- ئايەت

[3] يۇنۇس سۈرىسى 61- ئايەت.

## قازا ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىن بەلگىلىگەنلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا قازا توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا قَضَى أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ﴾ «ئاللاھ بىرەر ئىشنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت «بول!» دەيدۇ ـ دە، ئۇ بولىدۇ»[1].

### قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى

1. ئىنسان ئۆزىنىڭ قاچان، نەدە ۋە قايسى ئائىلىدە تۇغۇلىدىغانلىقىنى، جىنسىيىتىنىڭ ۋە چىراي شەكلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، نەدە ۋە قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ قايسى شەھەردە ئولتۇراقلىشىشى، قانداق ئىشلارنى قىلىشى، كىم بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشى، كىملەر بىلەن دوست بولۇشى ئۆزىنىڭ تاللىشى بىلەن بولىدۇ. لېكىن تەقدىردە ئۇ تاللىغان ۋە تاللىمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىلىرى ئېنىق يېزىلغان بولىدۇ. ئۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە مۇنداق بولاتتى، بۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە بۇنداق بولاتتى، ئەمما بۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولىدۇ، دەپ يېزىلغانغا ئوخشاش. مانا بۇ «ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

2. بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك، تەقدىر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى بەلگىلىگەن ئىشقا بەندىلەرنى مەجبۇرلىغانلىقى ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان خالىغان ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا مۇتلەق ئەركىندۇر. ئاللاھ شۇڭا ئىنسانغا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئىختىيار بەرگەن. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ قىلىدىغان

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 117 ـ ئايەت.

ئىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلىپ ئۇنى شۇنداق بەلگىلىگەنلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىلگىنى ۋە بەلگىلىگىنى بويىچە ۋۇجۇدقا چىقىپ ئەمەلگە ئاشقانلىقى شۇ بەندىلەرنىڭ ئىختىيارى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىشىنى ياقتۇرىدۇ، يامان ئىش قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمما ئىنسان يامان ئىش قىلىشقا بەل باغلىغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يول قويىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ يامان ئىشقا رازى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئىنساننىڭ شۇ يامانلىقنى قىلىش ئىختىيارىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. «ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر»[1] دېگەن ئايەت بۇنى بىلدۈرىدۇ. «ئەگەر كاپىر بولساڭلار، ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەردىن رازى بولىدۇ»[2].

## قازا ۋە قەدەر تۆۋەندىكى تۆت ئىشقا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ:

1. ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ شۇنداق يېزىۋەتكەن. «يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) يېزىلغان. چۈنكى بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.»[3]

2. ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھتىن كېلىدۇ. «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر

---

[1] تەكۋىر سۈرىسى 29- ئايەت

[2] زۈمەر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

[3] ھەدىد سۈرىسى 22 ـ ئايەت

ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»[1]

3.ئىنسانلارنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بەلگىلىگەن ۋە ئۇلارغا ئىشلەش يولىنى كۆرسەتكەن. «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.»[2].

4.ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئاللاھ ياراتقان. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ قايسىسىنى قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر.

## (6) قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش

**قىيامەت كۈنى ـ دۇنيا ھاياتى ئاخىرلىشىپ، ئاخىرەت ئىسىملىك يېڭى بىر ھايات باشلىنىدىغان كۈندۇر. ئاخىرەتتىكى ھايات مەڭگۈلۈكتۇر. ئاخىرەتكە بارغانلار ئۆلمەيدۇ.**

### ھەقىقي ھايات ئاخىرەت ھاياتىدۇر

ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشىنىش ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ئادەم ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشىگىمۇ ئەلۋەتتە ئىشىنىدۇ. بىر دېھقان تېرىغان يېرىنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە قايتا تېرىشقا، بىر بىناكار ئۆزى سالغان بىنانى يىقىتىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىپ، ئۇنى يەنە قايتىدىن سېلىشقا قادىر

[1] ئەنئام سۈرىسى 17 ـ ئايەت

[2] مۈلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت

بولغان يەردە، ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى هالاك قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتىدىن يەنە پەيدا قىلىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟! قۇرئان كەرىم ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغۇچىلارغا ئۆز ۋاقتىدا يېتەرلىك رەددىيەلەرنى بەرگەن. ﴿وَقَالُوا أَئِذَا كُنَّا عِظَامًا وَرُفَاتًا أَئِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا. قُلْ كُونُوا حِجَارَةً أَوْ حَدِيدًا﴾ «كاپىرلار: ‹‹بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟›› دېيىشىدۇ. سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى هاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ). ئۇلار: ‹‹بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟›› دەيدۇ. ئۇلارغا «سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغان زات تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن.»[1]

## قەبرىدىكى راهەت ۋە ئازاب

**قەبرىدىكى راهەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەرگە بولىدۇ. ئازاب كاپىرلارغا، مۇناپىقلارغا ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان گۇناھكارلارنىڭ بەزىسىگە بولىدۇ.**

مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پەرىشتە قەبرىدە مېيىتنىڭ يېنىغا هازىر بولۇپ، ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن «رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نىمە؟ ۋە پەيغەمبىرىڭ كىم؟» دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ. مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، يۇقىرىقى سوئاللارغا «رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام» دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، سېنىڭ

---

[1] ئىسرا سۈرىسى 49-51 - ئايەتلەر.

ئورنۇڭ ـ ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولمىغان بولساڭ ـ بۇ ئىدى. ئاللاھ سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن ئورنۇڭنى جەننەتكە بەلگىلىدى، دەپ جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىدۇ ۋە يۈزىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ قويىدۇ. مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، ئەگەر سەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان بولساڭ ئورنۇڭ مۇشۇ ئىدى، ئەمدى سېنىڭ ئورنۇڭ دوزاخ بولىدۇ، دەپ يۈزىنى دوزاخقا قارىتىپ قويىدۇ.

## بەرزەخ ئالىمى

**بەرزەخ ـ ئۆلۈم بىلەن قايتا تىرىلىش ئوتتۇرىسىدىكى باسقۇچتۇر. ئۆلۈكلەر قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر بەرزەخ ئالىمىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەنلىرى چىرىپ كەتسىمۇ، روھى ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغان جايدا بولىدۇ.**

بەرزەخ ـ ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساق دېگەنلىك بولۇپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ، ئاخىرەتكە بارغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئالەمدۇر. ﴿وَمِن وَرَآئِهِمْ بَرْزَخٌ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر بىر توساق بولىدۇ»[1].

## قىيامەتنىڭ ۋاقتى

**قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. قىيامەت تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ.**

﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ السَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَاهَا قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِنْدَ رَبِّي لَا

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى 100 ـ ئايەت.

﴿يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلَّا هُوَ ثَقُلَتْ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ لَا تَأْتِيكُمْ إِلَّا بَغْتَةً﴾ «ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت رەببىم بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، (ئۇنىڭ ئىشى) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر كەلگەندۇر، ئۇ سىلەرگە پەقەت تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ»»[1].

## قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى

**بىزگە قىيامەتنىڭ ۋاقتى بىلدۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى كۆرۈلىدىغان بەزى ئالامەتلەر بىلدۈرۈلگەن**

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كىچىك ئالامەتلەر ۋە چوڭ ئالامەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى

قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى: ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يوقۇلۇشى، جاھالەت، زىنا ۋە هاراقنىڭ كۆپىيىشى، يەھۇدىيلارنىڭ يوقۇتۇلۇشى، لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ ئىش باشقۇرۇشى، يالاڭتۆشلەرنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولۇشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە باشقىلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئالىملارنىڭ تۈگەپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى، ھەتتا ھەر بىر ئەركىشىگە 50 تىن ئايالنىڭ توغرا كېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[2].

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ. يەھۇدىيلارنى مۇسۇلمانلار تارمار قىلىدۇ. ھەتتا بىرەر يەھۇدىي (قاچقىلى يەر تاپالماي) چوڭ تاشلار ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا، تاش ۋە دەرەخلەردىن ئاۋاز كېلىپ «ئى مۇسۇلمان! ئارقامدا يەھۇدىي بار، كەل ئۇنى ئۆلتۈر» دەيدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. پەقەت «غەردەق» ناملىق يەھۇدىي دەرىخىدىنلا ئاۋاز كەلمەيدۇ»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن ‹ئامانەت يوقالغاندا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ› ئۇ، ئامانەت قانداق يوقىلىدۇ؟ دەپ سورالغىنىدا ‹لاياقەتسىز كىشىلەر ئىش باشقۇرغاندا› دەپ جاۋاب بەرگەن»[2].

## قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

### 1. دەججالنىڭ چىقىشى

دەججال چىققاندىن كېيىن، ئۇ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كېتىدۇ. دەججالنىڭ سۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشى ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ دەججالنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشنى تەۋسىيە قىلغان.

### 2. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى

ئىيسا ئەلەيھىسسالام قىيامەتكە يېقىنلاشقاندا ئاسماندىن

---

[1] ئىمام مۇسلىم ۋە ترمىزى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

چۇشۇپ، دەججالنى يوقىتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىدە ئىسلام دىنىنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدۇ.

### 3. قۇياشنىڭ كۈن پېتىشتىن چىقىشى

قۇياشنىڭ كۈن پېتىشتىن چىقىشى بىلەن ئىمان ۋە تەۋ- بىنىڭ ۋاقتى تۈگىگەن بولىدۇ، يەنى بۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا أَن تَأْتِيَهُمُ الْمَلَٰٓئِكَةُ أَوْ يَأْتِيَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِيَ بَعْضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ لَا يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَٰنُهَا لَمْ تَكُنْ ءَامَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِىٓ إِيمَٰنِهَا خَيْرًا﴾ يەنى «ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. رەببىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ»[1].

### قىيامەتنىڭ باشلىنىشى

قىيامەت چوڭ بىر ئۆزگىرىش بىلەن باشلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام سۇرغا پۈۋلىگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە ئۆلىدۇ، ئاسمان يېرىلىدۇ، يۇلتۇزلار ۋە باشقا پلانېتالار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ يوقىلىدۇ، زېمىن تەۋرەپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدۇ، تاغلار كۈكۈم-تالقان بولۇپ، بىر دۆۋە قۇمغا ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ تُبَدَّلُ الْأَرْضُ غَيْرَ الْأَرْضِ وَالسَّمَٰوَٰتُ وَبَرَزُوا لِلَّهِ الْوَٰحِدِ الْقَهَّارِ﴾ «ئۇ كۈندە زېمىن ۋە باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار چەكسىز قۇدرەتلىك، يېگانە ئاللاھنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدۇ»[1].

## قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار

**ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سۇرغا پۈۋلىگەندىن كېيىن پۈتۈن خالايىق تىرىلىپ، ھېساب مەيدانىغا بارىدۇ، ئاندىن ھەربىر بەندە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن تولۇق ھېساب بېرىدۇ. ھېسابتىن كېيىن جەننەتكە لايىق بولغانلار جەننەتكە، دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلار دوزاخقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.**

جەننەت- مۆئمىنلەرنىڭ مەڭگۈلۈك يۇرتى بولۇپ، ئۇلار ئېسىل قەسىرلەر، گۈزەل باغچىلار ئارىسىدا ھۇزۇر سۈرىدۇ. ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ * فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ * يَلْبَسُونَ مِن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَقَابِلِينَ * كَذَلِكَ وَزَوَّجْنَاهُم بِحُورٍ عِينٍ * يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَاكِهَةٍ ءَامِنِينَ * لاَ يَذُوقُونَ فِيهَا الْمَوْتَ إِلاَّ الْمَوْتَةَ الأُولَى وَوَقَاهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ * فَضْلاً مِّن رَّبِّكَ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قىلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەنە شۇنداق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز. ئۇلار ئۇ يەردە خاتىرجەملىك ئىچىدە، (كۆڭلى تارتقان) ھەممە مېۋىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى تېتىغان ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. (ئاللاھ) ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. (بۇلار) رەببىڭدىن بىر مەرھەمەت بولۇپ

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 48 - ئايەت.

(بېرىلىدۇ). بۇ زور ئۇتتۇقتۇر»[1].

دوزاخ ـ دەھشەتلىك ئوت قايىنمىسى بولۇپ، ئۇ كاپىرلار، مۇناپىقلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان گۇناھكارلارنىڭ بىر قىسمى بارىدىغان جايدۇر. ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَـٰئِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار»[2].

## ئىمانغا زىت كېلىدىغان ئىشلار

**ئىمانغا زىت كېلىدىغان ۋە ئادەمنى ئىماندىن چىقىرىدىغان ئىشلار: كۇفرى، نىفاق شېرىك ۋە مۇرتەدلىكتۇر.**

### كۇفرى

**كۇفرى ـ ئاللاھ تائالانى ياكى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ياكى ئاخىرەت كۈنىنى بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش دېگەنلىكتۇر. كاپىرلار ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ**

### كۇفرىنىڭ تۈرلىرى

كۇفرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق، يەنە بىرى، ئەمەلدىكى كۇفرىلىقتۇر. ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق سادىر قىلغۇچىسىنى ئىماندىن چىقىرىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى كۇفرىلىق ئىماندىن چىقارمىسىمۇ گۇناھقا پاتۇرىدۇ.

---

[1] دۇخان سۈرىسى 51 ـ 57 ـ ئايەتلەر.

[2] تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

## ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق

### 1. كۇفرى ئىنكار

كۇفرى ئىنكار ـ ئاللاھ ئىمانىنىڭ بىرەرسىنى ياكى قۇرئان كەرىمنى ۋەياكى ئۇنىڭدا بېكىتىلگەن بەش ۋاخ ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرزلەرنىڭ ياكى ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. ﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِالْحَقِّ لَمَّا جَاءَهُ أَلَيْسَ فِي جَهَنَّمَ مَثْوًى لِلْكَافِرِينَ﴾ «ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟»[1].

### 2. كۇفرى تەكەببۇر

كۇفرى تەكەببۇر ـ چوڭچىلىق قىلىپ دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق. بۇ خىلدىكى كۇفرى ئىبلىسنىڭ كاپىر-لىقىغا ئوخشاش كۇفرىدۇر. چۈنكى ئىبلىس چوڭچىلىق قىلىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان. ﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ‹ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار› دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى»[2].

### 3. كۇفرى شەك

كۇفرى شەك ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى بولغان ئاللاھ ئىمانىنىڭ قايسى بىرىگە شەك كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. ﴿وَمَا أَظُنُّ السَّاعَةَ قَائِمَةً وَلَئِنْ رُدِدْتُ إِلَى رَبِّي لَأَجِدَنَّ

---

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 68 ـ ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

خَيْرًا مِنْهَا مُنْقَلَبًا. قَالَ لَهُ صَاحِبُهُ وَهُوَ يُحَاوِرُهُ أَكَفَرْتَ بِالَّذِي خَلَقَكَ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّاكَ رَجُلًا﴾ «(كاپىر ئادەم مۆمىنگە) قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن. ئۇنىڭغا (مۆئمىن) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا، سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟ دېدى»[1]. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىپ قويۇپ، ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن ئادەم كاپىردۇر.

### 4. كۇفرى ئېتىراز

كۇفرى ئېتىراز ـ ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەردىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر. ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا عَمَّا أُنْذِرُوا مُعْرِضُونَ﴾ «كاپىر بولغانلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر» [2].

### 5. كۇفرى نىفاق

كۇفرى نىفاق ـ تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېمەكتۇر. ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ﴾ «كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ»[3].

## ئەمەلدىكى كۇفرىلىق

### 1.كۇفرى نېمەت

---

[1] كەھف سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەھقاف سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

كۇفرى نېمەت ـ ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئادا قىلماسلىق ياكى ئۇ نېمەتلەرنى يامان يوللارغا ئىشلىتىش دېگەنلىكتۇر: ﴿لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِنْ كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ «شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر كۇفرىلىق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ»[1].

## 2. كۇفرى مەئسىيەت

كۇفرى مەئسىيەت-ئىسلام دىنىدا كۇفرىلىق بىلەن سۈ-پەتلەنگەن گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن:

(1) مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈش. «مۇسۇلماننى ھاقا-رەتلەش ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر»[2].

(2) ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە زىنا قىلىش. «زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە ھاراق ئىچكۈچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ»[3].

(3) ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش. «كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ»[4]. بۇ ھەدىستىكى كاپىرلىق ئىماندىن چىقىرىدىغان دەرىجىدىكى ئېتىقادىي كاپىرلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كاپىرلىقتۇر.

## 3. كۇفرى ھۆكۈم

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.
[3] مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئەھمەت رىۋايىتى.

كۇفرى ھۆكۈم - ئىسلام قانۇنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقا قانۇنلارنى دەستۇر قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. ﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللّٰهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ «كىملەركى، ئاللاھ چۈشۈرگەن ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر»[1].

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنى «بۇ ئەسىرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دەپ ياكى يەرلىك قانۇنلارنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل كۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان بولىدۇ[2].

## نىفاق

**نىفاق - دىلى بىلەن تىلى ئوخشاش بولماسلىق دېگەنلىك بولۇپ، بۇنداق ئادەم «مۇناپىق» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ زىيىنى ۋە خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭدۇر. شۇڭا مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتە تارتىدىغان جازاسىمۇ ئېغىر بولىدۇ.**

نىفاق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

### 1. ئېتىقادتىكى نىفاق

ئېتىقادتىكى نىفاق - تىلدا مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەپ قويۇپ، دىلدا كۇفرىلىقنى يوشۇرۇش دېمەكتۇر. مۇناپىقلىق مۆئمىنلىكنىڭ زىتىدۇر. مۇناپىقلار كاپىرلاردىن يامانىدۇر. چۈنكى ئۇلار يوشۇرۇن دۈشمەندۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ جازاسى ئېغىر بولىدۇ.﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَنْ تَجِدَ

---

[1] مائىدە سۈرىسى 44 - ئايەت.

[2] دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ئىبادەت» ۋە ئەللامە سالىھ ئىبن فەۋزان ئەل فەۋزاننىڭ «تەۋھىد كىتابى» ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.

لَهُمْ نَصِيرًا﴾ «مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ئازابتىن قۇتقۇزغۇچى مەدەتكار تاپالمايسەن»[1].

## 2. ئەمەلدىكى نىفاق

ئەمەلدىكى نىفاق ـ ئۆزى مۇسۇلمان بولسىمۇ، مۇناپىقلارنىڭ قىلىقىنى قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەلدىكى نىفاقنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى بىسىپ كەتمىگەنلا بولسا، ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، جېدەللەشكەندە ئېغىزنى بۇزۇش قاتارلىق تۆت ئىللەت كىمدە بولسا، ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇناپىق بولىدۇ، بۇ تۆت ئىللەتتىن بىرەرسىنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرگەن ئادەم ئۇنى تاشلىمىغۇچە، مۇناپىقلىق ئالامىتىنى ئۆزىدە ساقلىغان بولىدۇ»[2].

### شېرىك

**شېرىك ـ ئېتىقاد ياكى ئەمەل ـ ئىبادەت قاتارىغا كىرىدىغان ھەرقانداق ئىشنى ئاللاھ تائالا بىلەن باشقا بىرىگىمۇ قىلىش دېگەنلىكتۇر. شېرىك ئىمانغا زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمەل-ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلماي ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.**

### شېرىكنىڭ تۈرلىرى

1. دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ئاللاھ

---

[1] نىسا سۈرىسى 145 ـ ئايەت.

[2] بۇخارىي رىۋايىتى .

تائالادىن باشقىمۇ باشقۇرغۇچىلار بار، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: ئاتالمىش ئەۋلىيالارنى، قۇتۇبلارنى كائىناتنىڭ بەزى ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇ خىل شېرىك مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىش-پائالىيىتىگە شېرىك قىلىپ، قوشۇۋالغانلىقتۇر.

2. مەخلۇقاتنى ياكى ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىتىش. مەسىلەن: ئاتالمىش ئەۋلىيالار، قۇتۇپلار، پالچىلار ۋە رەمچىلەر، سېھىرگەرلەر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇخىل شېرىك ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر.

3. ئۆلۈكلەرنى ـ مەيلى ئۇلار پەيغەمبەر بولۇپ كەتسۇن، كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: مازاردىكى ئاتالمىش ئەۋلىيالار ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇ خىل شېرىك شېرىكئاللاھ تائالانىڭ ئىشىغا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر.

4. دەل-دەرەخلەردىن، مازارلاردىن ۋە مازارلارغا ئېسىلغان تۇغ-ئەلەملەردىن مەدەت تىلەش ۋە ئۇلاردىن كېسەللەرگە شىپالىق سوراش، پەرزەنت ۋە بەرىكەت تىلەش. بۇ خىل شېرىك ئىبادەتتە مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر.

5. ئىبادەتنى ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش. مەسىلەن: ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ، پىرلەرنىڭ ۋە ھايات بولغان بەزى ئىنسانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن ئىبادەت قىلغانغا ۋە ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغانغا ئوخشاش.

6. سېھىرگەرلىك قىلىش. چۈنكى سېھىرگەرلىك ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، سېھىرگەرلىك قىلغۇچىلار شەكسىز

كاپىرلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «يەتتە ھالاكەتتىن قېچىڭلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش...»[1] دېگەن.

7.ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن[2].

قەسەم (واللّٰه) (ۋەللاھى)، (تاللّٰه) (تەللاھى) ۋە (باللّٰه) (بىللاھى) دېگەن لەۋزلەردىن بىرەرى بىلەن قىلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ «مېنى نان ئۇرسۇن»، «ئۇنداق بولۇپ كېتەي، مۇنداق بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى قەسەم ھېسابلانمايدۇ.

8. رىيا، يەنى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش. چۈنكى بەندىلەرنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى كۆزىتىش، ئۇلارغا ساۋاب بېرىش ئاللاھ تائالاغا خاس ئىش بولۇپ، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەللەرگە ساۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش سۈپىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغانلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم، ئاللاھقا ئەڭ كىچىك شېرىكنى كەلتۈرۈپ قويۇشۇڭلاردۇر، ئۇ بولسىمۇ، رىيادۇر»[3] دېگەن.

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## دەم سېلىش ۋە تۇمار ئېسىش

**كېسەللەرگە، ھەتتا ساق كىشىلەرگىمۇ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ئوقۇپ دەم سېلىش جائىزدۇر.**

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز جاھىلىيەتتە دەم سالاتتۇق. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: يارەسۇلۇللاھ! دەم سېلىشقا نېمە دەيسىز؟ ـ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ـ ئاۋۋال قانداق دەم سالىدىغانلىقىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، دەم سېلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك دائىرىسىگە كىرىدىغان نەرسىلەردىن خالىي بولسىلا جائىز بولىدۇ، دېدى»[1].

## دەم سېلىش ئۇسۇلى

دەم سېلىش ئۇسۇلى - قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىدىن خالىغانلىرىنى ئوقۇپ، ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا سۈفلەش ياكى سۇغا ئوقۇپ ئىچكۈزۈش ياكى ئىچىشتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بەدىنىدە بىرەر راھەتسىزلىك ھېس قىلغىنىدا، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن ھەممىلا يېرىنى سىلاپ چىقىش بىلەن دەم سالاتتى. ئاغرىقى قاتتىق بولغان چاغلاردا، مەزكۇر سۈرىلەرنى مەن ئوقۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن (يەنى قولىنى تۇتقان ھالدا، ئۆز قولى بىلەن) بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى سىلاپ چىقاتتىم»[2].

ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

ياكى جىنلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ ياكى تىلسىملارنى (مەنىسى چۈشىنىكسىز نەرسىلەرنى) ئوقۇپ دەم سېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك دائىرىسىگە كىرىدۇ.

### تۇمار ئېسىش

تۇمار ئېسىش، ئۇنى يېزىش ياكى يازدۇرۇش، ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[1] دېگەن.

## قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش رۇخسەت قىلىنغان ئىشتۇر. ئۇ «ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنى بۇرۇن قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم. قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار»[3] دېگەن.

### زىيارەت قىلىش ئۇسۇلى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا ئۆلۈكلەرگە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش لازىم، ئەمما ئۆلۈكلەردىن بىر نەرسە تىلەشكە بولمايدۇ. زىيارەتتە: «بۇ دىياردا يېتىۋاتقان مۆئمىن،

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، «سەھىھ» ھەدىس.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇسۇلمانلار! سىلەرگە ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن، بىزلەرمۇ ئاللاھ خالىغان ۋاقىتتا سىلەرگە يېتىشىمىز. بىزگە ۋە سىلەرگە ئاللاھتىن ئامانلىق تىلەيمەن»[1] دېگەن دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر.

## مۇرتەدلىك

**مۇرتەد — مۇسۇلمانلىقتىن يېنىۋېلىپ كاپىر بولغان ئادەمدۇر. مۇنداق ئادەمنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىرەتتە دوزاختا كىرىدۇ.**

ئاللاھ تائالا: «كىمكى ئۆز دىنىدىن يېنىۋېلىپ، كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

## مۇرتەد بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار

1. گەپ - سۆز. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقتىن يېنىۋالغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلەش، ئاللاھنى ياكى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ياكى قۇرئان كەرىمنى سۆكۈش، ئۇلۇغلەردىن مەدەت تىلەش، ئىسلام قانۇنلىرىنى ھازىرقى ئەسىرگە يارىمايدۇ، دەپ ئوچۇق سۆزلەش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كەمسىتكەنگە ئوخشاش.

2. ئىش – ھەرىكەت. مەسىلەن: سېھىرگەرلىك قىلىش، بۇتلارغا ۋە ھەرقانداق بىر مەخلۇقاتقا چوقۇنغانغا ئوخشاش.

3. ئېتىقاد. مەسىلەن: ئاللاھنى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى، قۇرئان كەرىمنى ۋە ياكى دىنىمىزدا ئىمان كەلتۈرۈش

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بەقەرەسۈرىسى 218 ـ ئايەت.

زۆرۈر بولغان مەسىلىلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش.

4. شەك. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە شەك قىلغانغا ئوخشاش.

## مۇرتەد بولغانلارغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى

1. مۇسۇلمان قىزلار ھېچبىر ھالەتتە مۇرتەدلەرگە ياتلىق قىلىنمايدۇ. ئەرنىڭ مۇرتەدلىكىنى بىلمەستىن ياتلىق بولغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دەرھال ئايرىۋېتىش لازىم كېلىدۇ. مۇرتەد بولغان ئايالنىمۇ مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئېلىشى ھالال بولمايدۇ.

2. ئەر-ئاياللاردىن قايسىبىرى مۇرتەد بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلغان بولىدۇ. باللىرىنىڭ ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن باللىرى مۇرتەد بولمىغىنىنىڭ يېنىدا قالىدۇ.

3. مۇرتەد بولغانلار مۇسۇلمانلار جامائىتى تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرىلىدۇ. بۇ باشقىلارغا ئىبرەت بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ ئىغۋاسىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈندۇر.

4. مۇرتەد بولغانلار ئۆلگەندە، يۇيۇپ تارىماستىن، نامىزى ئوقۇلماستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىدىن باشقا قەبرىستانلىقلارغا دەپنە قىلىنىدۇ.

## بىدئەت

**بىدئەت ـ دىنىمىزدىن ئاساسى بولمىغان ئىشلارنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى قاتارىدىن ساناش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، دىن ئۆز ۋاقتىدىلا تولۇقلىنىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزگەرتىشنى ياكى زىيادە قىلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بىدئەت پەيدا قىلىشتىن مەنئى قىلىپ: «كىمكى بىزنىڭ بۇ دىنىمىزغا، ئۇنىڭدا بولمىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىۋالىدىكەن، ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

### بىدئەتنىڭ تۈرلىرى

1. ئەسلى بۇيرۇلغان مەلۇم بىر ئىبادەتكە، شەرىئەتتىن دەلىلسىز ھالدا، يېڭى ئىبادەت شەكىللىرىنى بەلگىلىۋېلىش

2. بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە بىر نەرسىلەرنى زىيادە قىلىپ قوشۇۋېلىش.

3. ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى شەرىئەتتە بۇيرۇلغان شەكىل ۋە قائىدە ـ سىستېمىسى بويىچە ئادا قىلماستىن، يېڭىچە شەكىل ۋە قائىدە ـ تەرتىپلەرنى بەلگىلىۋېلىش.

4. بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە شەرىئەتتىن دەلىلسىز ھالدا، ۋاقىت، كەيپىيات بەلگىلىۋېلىش.

بىدئەت سادىر قىلىش چەكلىنىدۇ. ئۇنى سادىر قىلغۇچىلار گۇناھكار بولىدۇ.

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

# بىزنىڭ ئەخلاقىمىز

## گۈزەل ئەخلاق دىنىمىزنىڭ غايىسىدۇر

**گۈزەل ئەخلاق دىنىمىزنىڭ غايىسى، ئىمانىنىڭ دەلىلى، ئىبادەتلەرنىڭ مېۋىسى ۋە جەننەتنىڭ كاپالىتىدۇر. ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق ئەمەل گۈزەل ئەخلاقتۇر.**

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆگىتىش بولغان. شۇڭا ئۇ «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[1] دېگەن.

بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىمانىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئامانەتنى ساقلىمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى يوق، ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەمنىڭ دىنى يوق»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

گۈزەل ئەخلاق ئەڭ ساۋابلىق ئەمەلدۇر.«قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

گۈزەل ئەخلاقتا ئىبادەتنىڭ ساۋابى بار. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىراۋغا ئوچۇق چىراي ئىچىشىڭدا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[4] دېگەن.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

[4] تىرمىزى رىۋايىتى

بىر ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ كامىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ مۇھىملىقى

**دىنىمىز ئەخلاق تەربىيەسىگە زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئەخلاق تەربىيەسى ئىمان تەربىيەسى بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئىمان ۋە ئەخلاقتا مەركەزلەشكەن.**

## گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش چارىلىرى

**گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشنىڭ چارىلىرى: ئەمەلىي مەشىق، ياخشى مۇھىت، ياخشى ئۈلگە، ئۈلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي بېسىمى قاتارلىقلاردۇر.**

### بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز

بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز ئالتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە[2]:

1. دىنىمىزغا قارىتا بۇرچىمىز.
2. ئۆزىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز.
3. ئائىلىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز.
4. ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز.
5. ئىنسانىيەتكە قارىتا بۇرچىمىز.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] Temel Din bilgisi ناملىق تۈركچە ئەسەردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

6. تەبىئەتكە قارىتا بۇرچىمىز.

## دىنىمىزغا قارىتا بۇرچىمىز

دىنىمىزغا قارىتا ئەخلاقىي بۇرچىمىز تۆت بولۇپ. ئۇلار:

(1) دىنىي پىرىنسىپلارغا قارىتا بۇرچىمىز.

(2) ئاللاھقا قارىتا بۇرچىمىز.

(3) پەيغەمبىرىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز.

(4) قۇرئان كەرىمگە قارىتا بۇرچىمىز.

**دىنىمىزنى توغرا ئۆگىنىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۈلگىلىك بىر مۇسۇلمان بولۇشتۇر**

## بىزنىڭ ئاللاھقا قارىتا بۇرچىمىز

**ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئۇ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، توسقان ئىشلاردىن ساقلىنىش، بىزگە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى بەندىسى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر**

## بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز

**پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىش، ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىش، ئەخلاقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياخشى ئۈممەت بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.**

## قۇرئان كەرىمگە قارىتا بۇرچىمىز

**قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىش، مەنىسىنى**

ئۆگىنىپ، كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش، ئەمىرلىرىگە بويسۇنۇپ، توسقانلىرىدىن ساقلىنىش، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، قىسسىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

### ئۆزىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز

ئۆزىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز تېنىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز ۋە روھىمىزغا قارىتا بۇرچىمىز، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

### تېنىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز

بەدىنىمىزنى پاكىز تۇتۇش، جىسمىمىزنى پاك ۋە ھالال نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، ئىبادەتلەرنى تولۇق ئورۇنداش، تەن ساقلىقىمىزغا ئەھمىيەت بېرىش، ھەربىر ئەزايىمىزنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

### روھىمىزغا قارىتا بۇرچىمىز

روھىمىزنى توغرا ئېتىقاد، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى تۇيغۇلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ، ناچار ئەخلاق ۋە يامان تۇيغۇلارنىڭ روھىمىزدا ئورۇن ئېلىشىغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەتتۇر

### ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتا بۇرچىمىز

ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ئەدەبلىك بولۇش، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش، ئۇلارغا تامامىي مېھرىبانلىق بىلەن خىزمىتىنى قىلىش ۋە «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتىنىڭ رازىلىقىدا»، «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىقى ئاستىدا» ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقتىن ئىبارەتتۇر

ئەر-ئاياللارنىڭ بىر- بىرىنى ھۆرمەتلەش، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتى بار. ئائىلىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش دىنىمىز بۇيرۇغان گۈزەل ئەخلاقتۇر.

ئەر- ئايال ۋە ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئارىسىدا سۆيگۈ بىلەن ھۆرمەتنى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن تۇتۇش، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھالال كەسىپ ۋە توغرا يوللار بىلەن تەمىن ئېتىش، باللارغا پۈتۈن ئىشلاردا ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەش، باللار ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەممىگە ئوخشاش، ياخشى مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ۋەتەنگە ۋە خەلقىمىزگە قارىتا بۇرچىمىز

**ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئۆز خەلقىنى سۆيۈش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بىزنىڭ بۇرچىمىز ۋەتىنىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى سۆيۈش ۋە ئۇلارنى جان تىكىپ قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.**

ھەرقانداق خەلقنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولۇپ، پۇل ـ مېلىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىگە قارىتا ئەڭ ئەقەللىي بۇرچى ۋەتىنى بىلەن خەلقىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن جان تىكىپ قوغدىشى، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە خىيانەت قىلماسلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىشىدىن ئىبارەتتۇر.

## پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتا بۇرچىمىز

**بىز پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ تىل، رەڭ، ئىرق، دىن**

ۋە ۋەتەن پەرقلىرىگە قارىماي ھۆرمەتلەيمىز، ئۇلارغا ئادىل بولىمىز، ياخشى مۇئامىلە قىلىمىز، ياردەم قىلىمىز ۋە ياخشىلىق قىلىمىز. ئەمما مۇسۇلمانلارغا يامانلىق قىلغان ياكى ۋەتىنىنى بېسىۋالغان زالىملارغا قارشى تۇرىمىز، ئۇلارنى يامان كۆرىمىز، شۇنىڭدەك، دىنىمىزنى، قۇرئان كەرىمنى، پەيغەمبىرىمىزنى مەسخىرە قىلغانلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى دەپ بىلىش ئىمانىمىزنىڭ تەقەززاسىدۇر.

## ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

**بىزگە ئىماندىن قالسا، ئۆگىنىش ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە ئانا تىلىمىزدۇر. ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ناھايىتى زۆرۈردۇر.**

چۈنكى ھەربىر تىل ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەتتۇر. «ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇ-خىل بولۇشى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. بۇنىڭدا ھەربىر ئىلىم ئىگىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار»[1].

ئۇيغۇرلار نەدىلا بولمىسۇن، ئۇيغۇر بولۇپ ياشىشى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

### تىلىمىز بىزنى ۋە دىنىمىزنى قوغدايدۇ

**بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ يەرشارىدا مەۋجۇد**

---

[1] رۇم سۈرىسى: 22- ئايەت.

**بولۇپ تۇرۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر. بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قالغانلىق ھەم مىللىتىمىزنى ھەم دىنىمىزنى قوغداپ قالغانلىقتۇر.**

ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن تونۇلىدۇ ۋە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۇنىڭدەك تىل ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا، ياكى ئەكسىچە دۇنيا يۈزىدىن غايىب بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر.

كۆپ تىل بىلىش كىشىنىڭ بىلىم-سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئەلۋەتتە، ئۇنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن باشقا تىلنىڭ ھوربىغا جىمىقىپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش، ياكى ئۇنى ئۆگەنمەسلىك مىللىتىنىڭ نامىغا ئىشلەنگەن كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر.

بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز تولىمۇ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك بىر تىلدۇر. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئانىمىزنىڭ تىلى. شۇڭا ئۇنى «ئانا تىل» دەيمىز. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز دۇنيادىكى ھۆرمەتلىك تىللارغا ئوخشاشلا ھۆرمەتلىك تىلدۇر. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز دۇنيادىكى تىللاردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ.

## تەبىئەتكە قارىتا بۇرچىمىز

**تەبىئەت - ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتى ۋە نېمىتى بولۇپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ تەبىئەتكە قارىتا مەجبۇرىيىتى ئۇنىڭدىن يوللۇق پايدىلىنىش، مۇھىتنى، ھاۋانى، سۇنى بۇلغىنىشتىن قوغداشتۇر.**

ئاللاھ ياراتقان جانلىق - جانسىز ھەرقانداق نەرسە بىز ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ ھېچقانداق

نەرسىنى مەقسەتسىز ياراتمىغان. شۇڭا مەۋجۇداتلاردىكى گۈزەللىكلەرنى ۋە يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتلەرنى بىلىشكە ۋە پايدىلىنىشقا تىرىشىشىمىز، ئۇلارنىڭ پايدىسىنى كۆر-گىنىمىزدە ئالالاھقا شۈكۈر قىلىشىمىز لازىم.

## گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى

گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. دىنىمىزنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرى بولغان ئالتە ئىمانغا چىن ئىشىنىدۇ.
2. بارچە ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا ۋە تولۇق ئورۇندايدۇ.
3. ھەربىر ئىشنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ، ۋاقتىنى، ئۆمرىنى قەدىرلەيدۇ.
4. ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.
5. ھەركىمگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ.
6. پەيغەمبىرىمىزنى سۆيىدۇ، ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ.
7. قۇرئان ئوقۇشقا، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلىدۇ.
8. بەدىنىنى پاكىز ۋە ھالال نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇ-رىدۇ. يېمەك - ئىچمەكلىرىدە ھارام ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىدۇ
9. روھىنى گۈزەل تۇيغۇلار بىلەن تولدۇرىدۇ. قەلبىدىن بۇزۇق خىيال ۋە يامان ئويلارغا ئورۇن بەرمەيدۇ.
10. ئاتا - ئانىسىغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.
11. ئائىلە چوڭلىرىنى، ئۇرۇق–تۇغقانلىرىنى، قوشنىلىرىنى ۋە دوستلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، كىچىكلەرنى ئاسرايدۇ.

12. باللىرىغا ۋە جورىسىغا ئۆلگىلىك مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۇلارنىڭ سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىدۇ، باللىرىنىڭ يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

13. مۇسۇلمانلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك سۆيىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىدۇ.

14 خەلقىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ.

15.ئۆز ئېتىقادىدا ۋە مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

16. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋە ھەرقانداق بىر جان ئىگىسىگە مېھرى-شەپقەتلىك بولىدۇ.

17. تەبىئەتنى ئاسرايدۇ، مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

18. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن توختاپ قالمايدۇ.

19. ھەر ئىشتا راست سۆزلۈك، سەممىي، ۋاپادار، ۋىجدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق بولىدۇ.

20. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردا تەۋپۇقلۇقنى ساقلايدۇ. ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش يولىدا ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلەيدۇ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈنمۇ ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانى قەتئىي ئېسىدىن چىقارمايدۇ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن داغدام يولىدا ئىزچىل ماڭىدۇ.

## گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان قىلمايدىغان ئىشلار

گۈزەل ئەخلاقلىق بىر مۇسۇلمان تۆۋەندىكىلەرنى ھەرگىز قىلمايدۇ:

1. ئىسلام ئېتىقادىغا زىت كېلىدىغان پىكىر ـ ئېقىملارنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
2. ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تەرك ئەتمەيدۇ، كېچىكتۈرمەيدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزمەيدۇ.
3. ئەخلاقسىز كىشىلەرگە ئەگەشمەيدۇ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ.
4. يالغان سۆزلىمەيدۇ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ، غەيۋەت قىلمايدۇ، تۆھمەت قىلمايدۇ.
5. ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمەيدۇ.
6. بىرەر مۇسۇلمانغا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، كۆرەلمەسلىك قىلمايدۇ، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلمايدۇ.
7. ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتمايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە قاتتىق قوللۇق قىلمايدۇ.
8.ھۇرۇن ، تىرىكتاپ، بېخىل، نامەرد، ئۇياتسىز بولمايدۇ، تۇزكور بولمايدۇ.
9. پۇرسەتپەرەس، ھىيلىگەر، ئالدامچى، ئوتتۇيرۇق، چېقىمچى بولمايدۇ.
10. ۋەتىنىگە، خەلقىگە ۋە قەۋم قېرىنداشلىرىغا خىيانەت قىلمايدۇ

## گۈزەل ئەخلاقتىن بەزى نەمۇنىلەر

### راستچىللىق

راستچىللىق- توغرىنى، ھەقنى سۆزلەش ۋە توغرا، ھەققانىي ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر. راستچىللىقنىڭ ئەكسى يالغانچىلىقتۇر. ئاللاھ تائالا راستچىل كىلىشىلەرنى ياخشى

**كۆرىدۇ، يالغانچىلارنى يامان كۆرىدۇ. راستچىللىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر.**

دۇنيادا راستچىللىقنى ۋە راستچىل كىشىلەرنى سۆيمەيدىغان بىرەر مىللەت ياكى قانۇن ياكى دىن يوق. ئەكسىچە، يالغانچىلار ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ، راست سۆزلەپ، ھەمىشە راستچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ‹راستچىل بەندە› دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ، يالغان ئېيتىدىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ‹يالغانچى› دەپ يېزىلىدۇ.»[1]

يۇقىرىقى ھەدىستىكى «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ» دېگەن سۆز بىلەن «يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ» دېگەن سۆزگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ بېشىدا راستچىللىقنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. گوياكى راستچىللىق ياخشىلىقنىڭ مۇقەددىمىسى ياكى ئۇنۋانى ئورنىدا تۇرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر قانداق بىر يامانلىقنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم يالغانچىلىق بولىدۇ. ئالدامچىلىق، خائىنلىق، ساتقۇنلۇق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، قارا چاپلاش، غەيۋەت ـ شىكايەت... ۋەھاكازالارنىڭ مۇقەددىمىسىدە چوقۇم يالغانچىلىق بولىدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىدىغان بىرىگە، «يالغان ئېيتما، ئەمما خالىغان يامانلىقلىرىڭنى قىلغىن» دېسىڭىز، ئۇنى قىلالامدۇ؟ ھەرگىز قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۆلىمالار «يالغان ئېيتىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئادەم ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى

---

[1] ئىمام ئەھمەد،ئىمام بۇخارىۋە مۇسلىمرىۋايىتى.

ئىككىلەنمەستىن قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن نەتىجىنى چىقارغان.

راستچىللىق پەيغەمبەرلەرنىڭ، مۆئمىنلەرنىڭ ۋە ياخشىلارنىڭ ئادىتى بولغاندەك، يالغانچىلىق مۇناپىقلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ.»[1]

## راستچىللىق جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ماڭا ئالتە ئىشتا كاپالەت بېرىڭلار، مەن سىلەرگە جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كاپالەت قىلىمەن: سۆزلىگەندە راست سۆزلەڭلار، ۋەدە قىلساڭلار ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەت تۇتساڭلار ئۇنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار، ئەۋرەتلىرىڭلارنى زىنادىن ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى هارامدىن ساقلاڭلار، قولۇڭلارنى يامان ئىشلاردىن ۋە هارامدىن يىغىڭلار.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ـ خاتىرجەملىك، يالغانچىلىق ـ تەشۋىشتۇر.»[3] چۈنكى ئىنسان راست سۆزلىگەندە خاتىرجەملىك ۋە بىر خىل راھەت ھېس قىلىدۇ، تەشۋىشلەنمەيدۇ ھەمدە راست سۆزلەشتە ھېچقانچە تەسلىك ياكى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمايدۇ، ئىككىلەنمەيدۇ، دۇدۇقلىمايدۇ. ئەمما ئىنسان يالغان سۆزلەشتە قىيىنچىلىق تارتىدۇ، ھەتتا بەزى شارائىتلاردا چېكىسىدىن تەر ئاقىدۇ، چىراي ئىپادىسى تەبىئىي بولمايدۇ، سۆزلىرى ئانچە

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

قاملاشمايدۇ، يالغانچىلىقى ئاشكارا بولۇپ قېلىشتىن تەشۋىشلىنىدۇ.

ھەرقانچە سۆزگە ئۇستا ۋە يالغاننى قاملاشتۇرۇشقا ماھىر كاززاپلارمۇ بەربىر بىلىنىپ قالىدۇ ۋە بىر كۈنى رەسۋا بولماي قالمايدۇ. «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن سۆزمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك.

## ئادالەت

**ئادالەت ــ ھەربىر ئىشنى جايىدا قىلىش ۋە ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بېرىشتۇر. ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن دىنىي ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتتۇر.**

ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئادالەتنىڭ پىرىنسىپلىرى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەت تەقەززا قىلغان نەرسىنى يۈرگۈزۈشتۇر. ئادالەت بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ئىنتايىن زىچ باغلىنىش بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىمۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز: ﴿اللَّهُ الَّذِي أَنْزَلَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ وَالْمِيزَانَ﴾ «كىتابنى ۋە ئادالەتنى ھەق بولغان ھالدا چۈشۈرگەن زات ئاللاھتۇر»[1]. ﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾ «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق...»[2]. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 17ـ ئايەت.

[2] ھەدىد سۈرىسى: 25ـ ئايەت.

شُهَدَآءَ بِالْقِسْطِ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَئَانُ قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ وَاتَّقُوا اللّٰهَ إِنَّ اللّٰهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ (نىڭ رازىلىقى) ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار ۋە ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، بۇنداق قىلىشىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر».[1]

## ئىشلەش

ھالال رىزىق تېپىش ئۈچۈن ئىشلەش ئىبادەتتۇر. دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىشلەش شەرتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَىٰ﴾ «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. ئەجدادلىرىمىز «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان.

لوقمان ھەكىم بالىسىغا مۇنداق دەپ نەسىھەت قىلغان ئىكەن: ئى بالام! ھالال كەسىپ ئارقىلىق يوقسۇللۇقتىن ساقلان، چۈنكى قانداقلا بىر ئادەم يوقسۇل بولىدىكەن، ئۇ ئادەم مۇنۇ ئۈچ خىل ئىللەتكە مۇپتىلا بولىدۇ: بىرى، دىنىدا تۇراقسىزلىق، چۈنكى كەمبەغەللىك دىيانەت جەھەتتە سۇسلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىككىنچىسى، ئەقلىي ئاجىزلىق، چۈنكى يوقسۇل ئادەمدە غەم تولا بولىدۇ، غەم تولا بولسا ئۇنىڭ ئەقلىنى قاراڭغۇلۇق باسىدۇ- دە، تەپەككۇرى ئۈزۈلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئادەمگەرچىلىكنىڭ كېمىيىشى بولۇپ، ئادەمگەرچىلىكى يوق

[1] مائىدەسۈرىسى: 8 ـ ئايەت.

[2] نەجم سۈرىسى: 39ـ ئايەت.

ئادەمدە دىيانەت بولمايدۇ. دىنىمىزدا تېنى دۇرۇس، ساغلام، ئىش ـ ھەرىكەت قىلالايدىغان ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ جان بېقىش كويىغا كىرىۋېلىشى ھارام دەپ قارىلىدۇ.

## ئەمگەك ئىنساننىڭ شەرىپىدۇر

زېمىندىكى مەۋجۇتلۇق ئىنسان ئارقىلىق مۇكەممەللىشىدۇ، ئىنسان زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىلمىي ھېكمەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىپ، زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە قادىر مەۋجۇداتتۇر. شۇڭا ئاللاھ ئۇنى يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى قىلىپ ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىقتىدار ئاتا قىلغان. «قۇرئان كەرىم»دىكى 70 تىن كۆپ ئايەتتە ئەمەل بىلەن ئىماننى بىرگە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، ئىشلەشكە، ئەمگەك قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئەرەب تىلىدىكى «ئەمەل» سۆزى ئىشلەش، ئەمگەك قىلىش، ئەمەل قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «ئەمەل» سۆزى كەڭ مەنىدىكى بىر سۆز بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن، روھىي ھاياتلىق ۋە ماددىي ھاياتلىق ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى جايىدا ۋە ۋاقتىدا قىلىشنى، شۇنداقلا ھەممە ئىشتا دۇرۇس ۋە ھەققانىي بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم ياخشى نىيىتى سايىسىدا پۈتۈن ئىشلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن قىلغانلىرىنىمۇ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىقتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، بىر ئادەم ئىبادەت دەپ بەلگىلىمىگەن، ئەمما ھاياتلىققا ئالاقىدار ئىشلارنى قىلغاندا، مەن مۇشۇ ئىشىم ئارقىلىق

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تۇرمۇشۇمنى قامداپ، ئاللاھنى رازى قىلىشقا شارائىت يارىتىمەن، دېگەن نىيەتتە بولسا، قىلغان ئىشى گەرچە ئىبادەت بولمىسىمۇ شۇ ياخشى نىيىتى بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت ھېسابلىنىپ، ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھەتتا شۇنداق نىيەت بىلەن يېگەن تائاملىرىغىمۇ ئەجىر ـ ساۋاب ئاتا قىلىنىدۇ.

### رىزىق ئىشلىمەستىن قولغا كەلمەيدۇ

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىر كۈنى بىر توپ كىشىلەرنىڭ مەسجىد تۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ دۇگدىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا: «سىلەر تەۋەككۇلچىلەر ئەمەس، بەلكى تەييارتاپلار، ئىشلىمەستىن، ئاللاھ ماڭا رىزىق بەرگىن، دەپ ئولتۇرۇۋېرىشۇڭلار توغرا ئەمەس» دەپ كايىپ، ئۇلارنى مەسجىدتىن قوغلاپ چىقارغانىكەن.

## ئاتا ـ ئانىنى قەدىرلەش

ئاتا ـ ئانىنىڭ قىممىتىنى بىلىش ۋە ئۇلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش گۈزەل ئەخلاقلىق، ۋاپادار ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. چۈنكى ئاتا ـ ئانىنى قەدىرلەش ھەم ئىبادەت ھەم مەجبۇرىيەتتۇر. ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقان ئادەم بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدىن قالسا ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم ھەق بولۇپ، ئۇنى قايتۇرۇش پەرزدۇر.

بىزنى بېقىپ، تەربىيەلەپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈش يولىدا

نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەككەن كىشىلىرىمىز پەقەتلا ئاتا ـ ئانىلاردۇر. بىز كىچىك بىر بالىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمىي ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىنىمىز-دا، شۇ ھامان «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ «ئى رەببىم! سەن ئاتا ـ ئانام ئىككىسى مېنى كىچىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن»[1] دېگەن دۇئانى ئوقۇغىمىز كېلىدۇ. قېنى ئويلاپ بېقىڭ! سىزنىڭ ئانىڭىز كۈنسېرى ئاجىزلاپ تۇرىدىغان توققۇز ئاي ئىچىدە سىزنى مىڭ جاپا بىلەن قورسىقىدا كۆتۈردى. يەنە شۇ ئاجىزلىق ھالىتىدە سىزنى تۇغدى، سىزنىڭ قورساق ئىچىدىكى كۈنسايىن چوڭىيىشىڭىز، ئېغىرلىشىڭىز ئانىڭىزغا كۈنسايىن ئېغىرلىق- ئاجىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىش ھەتتا سىزنى تۇغۇش ئالدىدا باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قايتقاندەك، دۇنيانىڭ ھەممىسىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتكەندەك، خۇددى ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى. لېكىن سىز تۇغۇلغاندىن كېيىن سىزنىڭ مېھرى ئىسسىق ئانىڭىز كۆزىنى ئېچىپ، سىزنىڭ يېنىدا ياتقانلىقىڭىزنى كۆرگەن ھامان بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن تولغاق ئاغرىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ، بارلىق ئۈمىد يوللىرىنى سىزگە باغلايدۇ، سىزدە گۈزەل تۇرمۇشىنىڭ خۇشاللىقلىرىنى، بەخت ـ سائادەتلىرىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچە ـ كۈندۈزلەپ سىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، سىزگە خىزمەت قىلىدۇ، سىزنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقىڭىز ئۇنىڭ قىممەتلىك ھالال سۈتى بولىدۇ، سىزنىڭ تۇرىدىغان جايىڭىز ئۇنىڭ ئىسسىق باغرى بولىدۇ، سىزنىڭ ئولتۇرىدىغان، مىنىدىغان نەرسىڭىز ئۇنىڭ ئىككى

[1] ئىسرا سۈرىسى: 24- ئايەت.

قولى، دۇمبىسى بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇ سىزنى تويغۇزۇش بەدىلىگە ئۆزى ئاچ قالىدۇ، سىزنى ئارام ئالدۇرۇش، ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۆزى تۈنەيدۇ، ئانا سىزنىڭ دۇچ كەلگەن، قورقۇنچ ھېس قىلغان ئىشلىرىڭىزدا قوينىغا ئۆزىڭىزنى تاشلاپ يىغلايدىغان، دەرد ئېيتىدىغان، دەردىڭىزگە يېتىدىغان، بېشىڭىزنى سىلايدىغان بىردىنبىر شەپقەتچىڭىز. چۈنكى سىز ئاشۇ چاغلاردا ئانىڭىزنىڭ قۇچىقىنى ئۆزىڭىزنىڭ پاناھ جايىدەك، ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىڭىز بىلەن تولغان كەڭ بىر دۇنيادەك ھېسسىياتلاردا بولىسىز. ھەمدە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان ھامان بارلىق قورقۇنچلاردىن خالىي بولىمەن دەپ قارايسىز.

## ئاتىنىڭ ئەجرىمۇ ئانىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ

ئەمدى ئاتىڭىزغا كېلەيلى، ئاتىڭىز كىچە-كۈندۈزلەپ سىزنى ئويلايدۇ، سىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، يول يۈرىدۇ، سەپەر قىلىدۇ، تاغ ـ داۋانلارنى كېزىدۇ، سىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمىكىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن دەرد ـ ئەلەم، جاپا ـ مۇشەققەتنى تارتىدۇ، كۆپلىگەن خەتەرلەرگە يولۇقىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق سەرگۈ-زەشتىلەرنى، تۈرمۇش جەريانلىرىنى، خىلمۇخىل كەچۈر-مىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ سىزنى تەربىيەلەيدۇ ، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، سىز ئاتىڭىزنىڭ يېنىغا كىرسىڭىز سىزدىن خۇشاللىنىدۇ، كۆڭلى ئېچىلىدۇ، ھەم سىزدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇ سىزگە نۇرغۇنلىغان ئۈمىد نەزەرلىرى بىلەن قارايدۇ. ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىپ كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇشىڭىزنى ئاللاھتىن تىلەيدۇ. ئاتىڭىز سىرتقا چىقىش ئۈچۈن سىزدىن ئايرىلىشقا تەمشەلگىنىدە، سىز ئۇنى قۇچاقلىۋالىسىز، ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالىسىز، ئۇ

خۇددى ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدىغاندەك بار ئاۋازىڭىز بىلەن ياش تۆكۈپ يىغلىغىنىڭىزدا مېھرى - شەپقەتلىك قوللىرى بىلەن باش - كۆزىڭىزنى سىلاپ سىزگە تەسەللى بېرىدۇ. ئاتىڭىز قايتىپ كەلگەندە، خۇشاللىقىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلايسىز، ياپراپ كېتىسىز. ئەنە ئاشۇ ئىككى كىشى سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزدۇر. ئەنە ئاشۇ ۋاقىتلار سىزنىڭ ئاجىز، گۆدەك، ئۆسمۈر چاغلىرىڭىز. ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇش سىزنىڭ بۇرچىڭىز-دۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىنىڭ ھەقلىرى بەكمۇ كۆپ، ئۇلارنىڭ بالىلار ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقلىرى تولىمۇ كۆپ، ئۇلارنىڭ بالىلار ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقلىرى تولىپ بولغۇسىز. شۇنداقتىمۇ بىز كۆز ئالدىمىزدىكى بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداپ تۇرۇشىمىز لازىم. مەسىلەن: ئۇلارنى ئەڭ كامالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، خىزمەتلىرىنى قىلىش، ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ۋە دۇئاسىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھېچ نەرسىمىزنى ئايىماسلىقىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتام مېنىڭ پۇل - مېلىمنى سوراۋاتىدۇ، دەپ كەلگەن بىر ئادەمگە: «سەن ۋە سېنىڭ مال - دۇنيالىرىڭ ئاتاڭغا تەۋە» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىس بالا ۋە بالىنىڭ قولىدىكى بارلىق نەرسە - كېرەك، پۇل - مال ئاتىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئاتا ئۇ نەرسىلەرنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## شۇكۈر

### شۈكۈر–ياخشىلىق قىلغاننىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش

**ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقنى ئوخشىشى بىلەن ياكى «رەھمەت» سۆزى بىلەن قايتۇرۇش، نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى تىل، دىل ۋە ئەمەلدە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر.**

شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمى بولۇپ، يەنە بىر يېرىمى سەۋرچانلىقتۇر. ئىمان بۇ ئىككىسى بىلەن تاكامۇللىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شۈكۈر ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىبادەت سانىلىدۇ.

## شۈكۈرنىڭ تۈرلىرى

شۈكۈر تىل، دىل ۋە ئىش - ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ.

1. تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر-نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش بىلەن بولىدۇ. ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «رەببىڭنىڭ نېمىتىنى سۆزلەپ بەرگىن»[1] يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى باشقىلارغا كەڭ سۆزلىگىن ۋە مىننەتدارلىقىڭنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە كۆرسەتكىن، دەپ تەلىم بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ: «ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش- شۈكۈر قىلغانلىق، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر»[2] دېگەن.

2. دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر-نېمەت بەرگۈ-چىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئىپا-دىلىنىدۇ.

3. ئىش - ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر -

---

[1] زۇھا سۈرىسى: 11- ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى .

نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر يامان ئىشقا سەرپ قىلماي ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن: تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئالايلۇق، ئۇنى ئويۇن - تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارغا ئىشلەتمەستىن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۆستىمىزدىكى پەرز، ۋاجىپلارنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىش، نېمەت بەرگۈچىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

## شەرم - ھايا

**شەرم-ھايا—رەزىل ۋە قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىن تارتىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ھايالىق ئادەم باھالىق ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەم يامان قىلىقلارنى قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ، ئىنسانلارنىڭ ۋە ۋىجدانىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمايدۇ.**

شەرم - ھايا گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىدۇر. شەرم - ھايا خۇددى مېۋىنىڭ پوستىغا، ئادەمنىڭ كىيىمىگە ئوخشايدۇ، پوستى سويۇ-ۋېتىلگەن مېۋە تېزلا بۇزۇلغاندەك، كىيىمسىز قالغان ئادەمنىڭ ئۇياتلىق جايلىرى ئېچىلىپ قالغاندەك، شەرم - ھايادىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم ئىچكى دۇنياسىدىن بۇزۇلىدۇ، ئۇ تۈرلۈك يامانلىقلارنىڭ پاتقىقىغا پاتىدۇ.

## شەرم - ھايا ۋە نومۇسچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر

شەرم- ھايا يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، ھەر قانداق ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. ھايا كىشىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ دېگەن غەم - ئەندىشە قورقۇنچىسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ.

شەرم – ھايا ۋە نومۇس ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى. قىسقىسى ئىمانىنىڭ پوستى شەرم - ھايا ۋە نومۇستۇر. پوستى سويۇۋېتىلگەن دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك، شەرم-ھايا ۋە نومۇستىن ئايرىلغان ئىنسانمۇ ئىمانىي خىسلەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇستۇر. شەرم - ھايا بىلەن نومۇسچانلىق ھەر قانداق ئىنساننىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى بېيىتىپ، ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان يوشۇرۇن گۈزەللىكىدۇر.

## ھايانىڭ يوقۇلۇشى پۈتۈن پالاكەتلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن ھايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم – شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىم – شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن،

ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ.»[1]

بۇ ھەدىس قەلبتىكى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، بۇ باسقۇچلارنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلاپ ماڭىدىغانلىقىنى بىزگە ئىنچىكىلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. كىشىنىڭ ھايا چۈمبىلى يېرتىلسا، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدا ئەيىبلىنىشلەردىن تەپ تارتىپ قالمايدۇ. مۇنداقلار كىشىلەرگە ئازار قىلىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرنى ئېزىدۇ. پەرزەنتلىرىگە ۋە قوشنىلىرىغا يىرىكلىك قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالىدۇ. بۇ دەرىجىگە يېتىپ قالغان ئادەمگە ھېچكىم ئىشەنچ قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋېلىش ياكى ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن خىجىل بولۇپ قالمايدىغان، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان، ياكى مەجبۇرىيەتكە سەل قارايدىغان، ياكى سودىدا ھىيلە ئىشلىتىدىغان ئادەمگە قانداقمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولسۇن؟!

## ھايا ــ ھاياتلىقتۇر

ئەرەب تىلىدىكى ھايا سۆزى ھايات سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ھايالىق ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى ھايات، يەنى تىرىك بولىدۇ. ھايا قىلغان ئادەمنىڭ ھاياسى ئىچكى ھايات قايىنىمىدىن چىققان بىر خىل كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇنى رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

ھايالىق ئادەمنىڭ قەلبى تىرىك، ھاياسىز ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولىدۇ. قەلبنىڭ ئويغاقلىقى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ ھاياسى ئاشىدۇ. قەلبى ئۆلگەن ئادەمدە ھايانى

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

قوزغايدىغان ھېسسىياتمۇ ئۆلگەنلىكتىن، مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرنى رەزىللىك دەپ بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا شەرم ـ ھايانىڭ يوقلىقى بارلىق رەزىللىك ۋە يامانلىقلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ھاياسىز ئادەمدىن ھەممە يامانلىقلارنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

## ھايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى

نۇرغۇن كىشىلەر ھايا قىلىش بىلەن خىجىل بولۇشنى بىر مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ھايا بىلەن خىجىللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار.

پىسخولوگىيە ئالىملىرى خىجىللىقنى مەلۇم شارائىتلاردا ئىنساندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئەندىكىش دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا قورقۇنچتىن جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. خىجىللىق قورقۇنچاقلىقتىن كېلىدىغان نەرسە. خىجالەتچان ئىنسان ئىرادىسى ئاجىز ئىنساندۇر. ئەمما شەرم ـ ھايا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ئادەمدە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدۇ.

خىجالەت سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ يوللۇق ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم ھايالىق سانالمايدۇ. چۈنكى ھايالىق ئادەم ئېزىلىشكە، بوزەك قىلىنىشقا رازى بولۇپ تۇرالمايدۇ.

## ھايا بىلەن ئىمان قوشكېزەكتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھايا بىلەن ئىمان ئىككىسى قوشكېزەكلەر بولۇپ، بىرى يوقالسا، ئىككىنچىسىمۇ

يوقىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بىزدىكى «هاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن سۆز بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى ئېھتىمال.

يەنە بىر مەشھۇر ھەدىستە : «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاخچىسى هايادۇر»[2] دەپ كەلگەن.

## سەۋرچانلىق

**سەۋر- گۇناھتىن ياكى بىراۋغا يامانلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئىبادەتتە ۋە ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىدامچان بولۇش، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، سەۋر ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. مۇئمىن ئادەم خۇشاللىقتا ئېرىشسە شۈكۈر قىلىدۇ، كۆڭۈلسىزلىك يەتسە سەۋر قىلىدۇ.**

### سەۋرنىڭ تۈرلىرى

### 1. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر-كۆڭۈل ھاۋايى - ھەۋەسنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئەقلىنىڭ نىداسىغا قۇلاق سالغان ھالدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، يامان ئىشلاردىن، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش، نەپسىنى باشقۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ خۇددى رامىزاندا روزا تۇتقان مۇسۇلمان ئادەم كۈننىڭ ئۇتتەك ئىسسىقى ۋە ئۇزۇن كۈنلىرىدە كۆڭلى مۇزدەك سۇنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ

---

[1] ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

تۇرسىمۇ، نەپسىنى يىغىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ راھەتلىنىشتىن ۋاز كەچكىنىگە، بىراۋنىڭ نەپسى گۇناھ-مەئسىيەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، يامان ئىشتىن ساقلانغىنىغا ئۇخشاش ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنداق سەۋر قىلغۇچىلار توغرۇلۇق قىيامەت كۈنىدە دەيدۇكى، ﴿إِنِّي جَزَيْتُهُمُ الْيَوْمَ بِمَا صَبَرُوا أَنَّهُمْ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾ «بۈگۈن مەن ئۇلارغا سەۋر قىلغانلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بەردىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكەنلەردۇر»[1].

## 2. چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋر

چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋر–مۇشەققەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بوي ئەگمەستىن، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، چىداملىق بولۇش، ئارقىغا قايتماسلىق، ئىرادىلىك بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىلدىكى سەۋرگە ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت ـ تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

## 3. قايتۇرۇپ ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۆزتۈش مەنىسىدىكى سەۋر

قايتۇرۇپ ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەر-نى ئۆزتۈپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر–ئۆلۈم-يېتىمگە، بالايىئاپەتكە ئوخشىغان تەقدىرگە تەن بەرمەستىن باشقا چارىسى بولمىغان مۇسىبەتلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى 111 ـ ئايەت.

تۇگەشتۇرمەستىن، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق ھاياتنى داۋام قىلدۇرۇش، ھەسرەت ۋە نادامەتسىز داۋام قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى كۆلپەتلەرگە، ئۇڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىقمۇ بۇ تۈردىكى سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ. الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ. أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ﴾ «سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»[1].

### ساقلاش ۋە كۈتۈشمۇ سەۋردۇر

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر-بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى تېزلا كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ساقلاش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسىلەن: يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ ھامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىز-لىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلانغاندىن باشقا قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى ـ155 157 ـ ئايەتلەر.

ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

## ئامانەت

**ئامانەت ـ مەيلى پۇل-مالغا ئوخشاش ماددىي نەرسە بولسۇن ياكى گەپ-سۆزگە ئوخشاش مەنىۋى نەرسە بولسۇن، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان نەرسىنى ساقلاش دېگەنلىكتۇر. ئامانەتنىڭ زىتى خىيانەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئامانەتنى ساقلايدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، خىيانەتچىلەرنى يامان كۆرىدۇ.**

ئامانەت ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئەڭ ئېسىل سانىلىدۇ. ئامانەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم ياخشى بىلىدۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر ئامانەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلمىگەنلىكتىن، ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئامانەتكە نىسپىي مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ «مەن ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلمايمەن، ماڭا قويۇلغان ئامانەتنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرىمەن» دەيدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى. ئەمما بۇ ئامانەتنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ئامانەتنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى بىر تۈرى بەس. ئامانەت سۆزى ئامانەت قويۇلغان پۇل ـ مال ۋە تاۋارغا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەرنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، مەنىۋى قىممەتلەرنى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان چوڭ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار»[1]

[1] ئەنفال سۈرىسى: 27-ئايەت.

دەپ كۆرسەتكەن.

## ئاللاھقا خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

ئاللاھقا خىيانەت قىلىش- ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنماسلىق، بۇيرۇغانلىرىنى ئادا قىلماسلىق ۋە توسقانلىرىنى تەرك ئەتمەسلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرى گەدىنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئېغىر ئامانەتلەردۇر.

## پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشمەسلىك ۋە سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلماسلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن سانىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى ئامانەتتۇر.

## قويۇلغان ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

قويۇلغان ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلىش-ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئامانەتلەرنى ساقلىماسلىق ۋە ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرماسلىقتۇر.

## ئەيۇچانلىق

**ھەرقانداق ئىنسان خاتالىشىدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى ئەيۇ قىلىش ياخشىلارنىڭ ئادىتى ۋە كۈچلۈكلەرنىڭ خسلىتىدۇر. ئاللاھ تائالا ئەيۇ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا بىز ئاللاھ تائالادىن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ بەندىلىرىنى كەچۈرۈشنىمۇ بىلىشىمىز لازىم. چۈنكى بىز كەچۈرسەك، ئاللاھ تائالامۇ بىزنى كەچۈرىدۇ.**

ئەپۇچانلىق مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش، ئىككىنچىسى ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش، ئۈچىنچىسى رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش بولۇپ، بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

### 1. سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش

سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش-ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا بوي ئېگىپ، زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولۇش، قارشىلىق بىلدۈرمەي ئەكسىچە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشتۇر. ئىسلام دىنى بۇ خىلدىكى تەسلىمىيەتچىلىكنى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ھۆرمەت ۋە ئىززەت دىنى بولغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە بارلىق ئىنسان بالىسىنىڭ خورلۇق كۆرۈشىنى، ئېزىلىشىنى، بوزەك قىلىنىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇشنى، شۇنداقلا زالىم ھۆكۈمدارلار ئالدىدا ھەق سۆزنى دادىل قىلىشنى ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك جىھاد قاتارىدىن سانايدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئەڭ ئەۋزەل جىھاد زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى قىلىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بىراۋ ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرىنىڭ ھەقسىزلىكىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلىك سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئەپۇ قىلغانلىق سانالمايدۇ. بەلكى ھەقسىزلىكنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە تەسلىمىيەتچىلىك سانىلىپ سۆكۈلۈشكە يۈز تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ قىلغانلىقىنى ئەپۇ قىلغانلىق دەپ

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

دەۋا قىلسا، ئۇ راستتىنلا يالغانچىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەپۇ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىق قىلغانلىق، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئىشلىتىشتىن ئاجىزلىق قىلغانلىق، ئۆزىنىڭ ھەقسىزلىكتە ئۇچرىشىغا يول ئاچقانلىق، زالىملارنىڭ ھەقسىزلىكىنى، جەبىر-زۇلۇملىرىنى قوللىغانلىق ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا ھەقسىزلىك قىلمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ھەقسىزلىكىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، ھەقسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى چىقىدۇ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى يۆلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئەزىزلىكى، كارامىتى ۋە قەدىر-قىممىتى مانا بۇ يەردە!

## 2. ماختىلىدىغان تۆردىكى ئەپۇ قىلىش

ماختىلىدىغان تۆردىكى ئەپۇ قىلىش-ھەقسىزلىك قىلغۇچىغا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ كەچۈرۈۋېتىشتۇر. مانا بۇ ھەقىقىي ئەپۇ ۋە ھەقىقىي كەچۈرۈمدۇر. بۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىجرا قىلغان ئەپۇ قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي قىيىن - قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە ئازاد بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرى - شەپقىتى ھەممىگە ئومۇم بولغان بۇ ئۇلۇغ

زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ بىلەن بىرگە ئۈمىد ئىچىدە تۇرۇشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى: «تارقىلىڭلار، ئازادسىلەر!» دېگەنلىكى، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە بارچە ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغاننىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بوۋىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھەببار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن ئادەمنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەچۈرۈم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئەرەبلەر توپ-توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان.

### 3. رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش

رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن ياكى ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن ئەپۇ قىلىش - ئۆزىدىن ئاجىز ياكى قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىرىنىڭ خاتالىقىنى، تەنتەكلىكىنى ئەپۇ قىلىپ، جازالاشتىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. بۇ پەقەت قەلبى ئىمان بىلەن تولغان، رەھىم-شەپقەتلىك بولۇشنى ئادەت قىلغان، ھەر زامان ۋە ھەركىمگە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولىدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئېسىل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ئائىلىنىڭ ھۇزۇرى ۋە تىنچلىقى بىر-بىرىنىڭ خاتالىقىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن داۋاملىشىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدىمۇ ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ

ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ساھابىلارنىڭ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق»[1] دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىمۇ بۇ ياخشى ئەخلاققا چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ مېھرىبان كىشىڭلارمەن»[2] دېگەن.

## ۋاقىتنى قەدىرلەش

**ئىنساننىڭ ئىلكىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەربىر ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشى زۆرۈر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نۇرغۇن كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نېمەت بار، ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.**

### ئەقىللىق كىشىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ

ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلىدىغان، ئەقىللىق كىشىلەر چوقۇم ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى. ئەگەر ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىگە يول قويسا، ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەرسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا ئوخشاش بولىدۇ. ئىنسان تىنىمسىز

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

هالـدا ئالدىغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋاتىدۇ. پەلەكنىڭ ھەربىر ئايلىنىشى ئۈزۈن يولدىكى باسقۇچلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان يېڭى بىر تاڭدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنساننىڭ مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئۇنى كۆز ئالدىدا ئايان بولۇۋاتقاندەك سېزىشى، ئىلگىرى بولغان ۋە كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ئاقىلانىلىك ئەمەسمۇ؟!

## ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ

كىشىنىڭ ۋاقىت مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى توختاپ تۇرغاندەك ھېس قىلىشى ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىدۇر. بۇ خۇددى پويىزدا ئولتۇرغان يولۇچىنىڭ ئۆزىنى جىم تۇرغاندەك، پەقەت سىرتتىكى شەيئىلەرلا مېڭىۋاتقاندەك سەزگىنىگە ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ئىنسان خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ھامان كۆزلىگەن نىشانغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. مۇسۇلمانلار ۋاقىتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىشى ۋە «ۋاقىت قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن كەسمىسەڭ، سېنى ئۇ كېسىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ياخشى بىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت مەيدانىغا بەندىنىڭ قەدىمى قويۇلغان ھامان تۆت نەرسىدىن سورىلىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن تۈگەتكەنلىكىدىن، ياشلىقىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، پۇل-مالنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن.»[1]

دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى ئۈزۈن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى جايىدا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى ۋە خەلقنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان مۇسابىقىدۇر.

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

## كەمتەرلىك

**كەمتەرلىك ــ ھەقىقەت كىمدە بولسا قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، ھەرقانداق ئادەمگە مېھىر- مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر. كەمتەرلىكنىڭ ئەكسى مۇتەكەببىرلىك (ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش) بولۇپ، ئاللاھ تائالا كەمتەر كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇتەكەببىرلەرنى ياقتۇرمايدۇ.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىبىر ـ ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى جۈملىلىك ئىخچام سۆز بىلەن ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەڭ مەنىنى ئايدىڭلاشتۇرغان.

ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى: ئۆزىنىڭ نەزىرىدە، يۈز-ئابرۇيىدا، ياكى بايلىقتا، ياكى مەنسەپتە، ياكى ھۆرمەتتە، ياكى نەسەبتە تۆۋەن سانالغان، ياكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ھەق سۆزىنى، ياكى ئۇنىڭدىكى ھەقىقانىي تەرەپلەرنى قوبۇل قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر.

كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى: پېقىرلارنىڭ، ئاددىيتىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۆزىنى ئۇلارغا تەڭ قىلمىغانلىقتىن غادىيىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۇلارغا سۆز قىلىشتىن قىسىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى خوش ياقمىغان قىياپەتتە ئاڭلاش ۋە كۆرگەندىلا مۇسۇلمانغا سالام قىلماسلىق قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ ھۆرمەتتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان تەبىئىي ھەققىنى دەپسەندە قىلغانلىق، ئۇلارنى ئازارلىغانلىق ۋە ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تۇتقانلىقتۇر.

ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان، ھەتتا دىنسىزلارمۇ رەت

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى .

قىلالمايدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم سۆيۈلۈشكە ھەقلىق بولمايدۇ، ھامان بىر كۈنى چوقۇم خار بولماي قالمايدۇ!

ئاللاھ تائالا ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى ھەر زامان چۆكتۈرۈپ، كەمتەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ شەنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۆزىنى يەر يۈزىنىڭ ئىلاھى دەپ ئېلان قىلغان پىرئەۋن، بايلىقىغا ئىشىنىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان قارۇن، مەنسىپىگە ئىشىنىپ ھەقىقەتكە قارشى چىققان ئەبۇ جەھىل قاتارلىق زالىملارنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. چۈنكى چوڭلۇق ۋە كاتتىلىق پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولغان ھوقۇقتۇر. ئاللاھ تائالادىن ئۆزگە تالاشقانلار ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازابلار بىلەن جازالىنىپ كەلمەكتە.

# بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىز

## ئىمان بىلەن ئىبادەتنىڭ مۇناسىۋىتى

**ئىمان ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر. شۇڭا ئىمانى يوق كىشىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ. ئىبادەت ئىماننىڭ ئىپادىسىدۇر.**

### دىنىمىزنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرى

دىنىمىزنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىبادەتلەر بەش بولۇپ، ئۇلار:

1. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ھېچقانداق شەخس ياكى نەرسە يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش (يەنى كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بىلگەنلىكىنى ئېلان قىلىش.

2. ھەركۈنى بەش ۋاخ نامازنى دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش.

3. مال - مۈلكى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتسە، ھەر يىلى بىر قېتىم زاكات ئايرىش.

4. ھەر يىلى بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

5. ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ، قۇدرىتى يەتكەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشى.

مەلۇمكى يۇقىرىقىلار ئاساسلىق مەشھۇر ئىبادەتلەر بولۇپ، ئىبادەتلەر بۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر.

## ئەمەل-ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت نېمە؟

ئەمەل-ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت ئاللاھ تائالاغا قارىتا بەندىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، جەننەتكە لايىق بولۇشتۇر.

## ئىبادەت قىلىشنىڭ پرىنسىپى نېمە؟

**ئىبادەتنى ئاللاھ بۇيرۇغاندەك ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەندەك قىلىش تەلەپ قىلىندۇ.**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىبادەتلەرنى ئۆزى قىلىپ كۆرسەتكەن بولۇپ، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا ئەگىشىش تەلەپ قىلىندۇ. «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇپرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەمەلىنى بىزنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر»[2].

## ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى

**ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى شەرت بار بولۇپ، ئۇلار:**

**1. ئىخلاس يەنى ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىش. ناۋادا ئىبادەت باشقا مەقسەت بىلەن قىلىنسا قوبۇل قىلىنمايدۇ.**

**2. ئىتائەت يەنى ئىبادەتنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش. شۇڭا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە**

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

**ئۆگىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە قىلىنمىغان ئەمەل ـ ئىبادەت قوبۇل قىلىنمايدۇ.**

### ئىبادەتنى قانداق قىلىش كېرەك؟

**ئىبادەتنى ياخشى نىيەت، ئىخلاس ۋە ئېھسان بىلەن قىلىش كېرەك.**

### نىيەت دېگەن نېمە؟

**نىيەت ـ دىلدىكى مەقسەت دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەل-ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر.**

شۇڭا ئىبادەتتە ئاللاھ رازىلىقىنى نىيەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[1] دېگەن.

### ئىخلاس دېگەن نېمە؟

**ئىخلاس ـ ھەرقانداق بىر ئەمەل-ئىبادەتنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش دېگەنلىكتۇر**

«ساختا پۇل بانكىدا ئۆتمىگەندەك، ئىخلاسسىز ئەمەل ـ ئىبادەتلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ»[2].

---

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ «مۇسۇلمانىنىڭ ئەقىدىسى» ناملىق ئەسىرىدىن.

## ئېھسان دېگەن نېمە؟

**ئېھسان ــ ھەرقانداق بىر ئىشنى بىرىلىپ، قېتىرقىنىپ ئورۇنداش دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىكى ئېھسان ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن تۇرۇشتۇر.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئېھسان ـ خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[1].

## ئىبادەت قاتارىغا كىرىدىغان ئىشلار

**ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى ئاللاھ رازى بولىدىغان رەۋىشتە توغرا ۋە دۇرۇس شەكىلدە قىلغان ئادەم ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ**

قۇرئان ۋە سۈننەتتە بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش، چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش ئىبادەتتۇر. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج ـ ئۆمرە قىلىش، ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، قوشنىلارغا، پېقىر-لارغا، يېتىملارغا، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھقا دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىپ يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش، بالا - قازالارغا سەۋر قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە باشقىلاردۇر[1].

قىسقىسى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ نىيىتى دۇرۇس ۋە قىلغان ئىشى يوللۇق بولسىلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلىرىمۇ ئىبادەت قاتارىغا كىرىۋېرىدۇ.

## ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى

**ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى مۇئامىلىۋى ئىبادەت، يەنە بىرى سىمۋوللۇق ئىبادەتتۇر.**

### مۇئامىلىۋى ئىبادەت

**مۇئامىلىۋى ئىبادەت—دۇرۇسلۇق ۋە ھەققانىيلىق دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ مۇئامىلە بىلەن ئەخلاقتا مەركەزلىشىدۇ، يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا دۇرۇس ۋە سەمىمىي بولۇشتۇر. مۇئامىلىۋى ئىبادەتنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتى يوق. شۇڭا ئۇنى ئورۇنداش ھەر ۋاقىت پەرزدۇر**

ئاللاھ تائالانىڭ «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم» دېگەن سۆزىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەت مانا مۇشۇ مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر. ئىسلام

---

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «العبودية» ناملىق ئەسىرى 2 - بەت.

دىنىمىزنىڭ غايىسى مۇئامىلىلۇق ئىبادەتلەردە ئەكس ئەتكەن. ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىيوپىيە) پادىشاھى نەجاشى پاناھلىنىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا كەلگەن مۇسۇلمانلاردىن «دىنىڭلارنى ماڭا چۈشەندۈرۈڭلار» دېگەندە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى پادىشاھ! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا - پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتا رىئايە قىلمايدىغان، ھۆر كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق قەۋم ئىدۇق. ئاللاھ بىزگە بىز نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئېپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق- تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى. بىزنى زىنا- پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئېپىپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلدى»[1].

### سىمۋوللۇق ئىبادەت

سىمۋوللۇق ئىبادەت–ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرگە مەركەزلىشىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنىڭ مەلۇم ۋاقتى، مۇئەييەن شەرتلىرى باردۇر. سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىلۇق ئىبادەتلەرنى روياپقا

[1] ئىمام زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق ئەسىرىدىن.

## چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ

مۇئامىلىۋىي ئىبادەت بىزدىن راست گەپ قىلىشنى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى، ھەر ئىشتا دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىمۋوللۇق ئىبادەت بىزدىن ناماز ئوقۇشنى، روزا تۇتۇشنى، زاكات بېرىش قاتارلىق پەرزلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇئامىلىۋىي ئىبادەت غايە، سىمۋوللۇق ئىبادەت ۋاستىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ناماز يامان ئىشلاردىن توسۇلۇشقا تۈرتكە بولغانلىقى ئۈچۈن «ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ» . روزا تەقۋالىققا ئېرىشتۈرگەنگە ئوخشاش. «ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋالىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى». زاكات گۇناھتىن پاكلىغانغا ئوخشاش. «(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە (زاكات) ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن». مۇئامىلىۋىي ئىبادەت جايىدا ئورۇندالمىسا، سىمۋوللۇق ئىبادەتنىڭ پايدىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر مۇئامىلىۋىي ئىبادەتلەردىكى نۇقسانلارنى تولدۇرالمايدۇ ۋە كىشىنى دوزاختىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

مۇئامىلىۋىي ئىبادەت مۇئامىلىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال - مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى دەيمىز» دېيىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما

ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر» دېگەن[1].

## ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرى

ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپ ۋە كەڭدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

### 1. تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلىش

ئاللاھنىڭ ئاسمان ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلىرى، ئىنساننىڭ ئۆز زاتىدىكى ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇلاھىزە قىلىش تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلغانلىقتۇر.

قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. «زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟»[2]

### 2. دىل بىلەن ئىبادەت قىلىش

دىل بىلەن ئىبادەت قىلىش ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلار بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش، تەقۋالىق

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

[2] زارىيات سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.

**قىلىش، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر ئەيلەش قاتارلىقلاردۇر.**

ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ۋە تەقسىماتىغا رازى بولۇش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش، بالا-قازاغا سەۋر قىلىش قاتارلىقلارمۇ دىلنىڭ ئىبادەتلىرىدىندۇر.

### 3. تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش

**تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھنى مەدھىيىلەش، زىكىر ـ تەسبىھ (ئاللاھنىڭ نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى) ئېيتىش، دۇئا قىلىش، تەكبىر (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەش)، تەھلىل (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكنى جاكارلاش) بىلەن بولىدۇ.**

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار»[1].

### 4. تەن بىلەن ئىبادەت قىلىش

**بەدەن بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن ياكى نەپسنىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىش بىلەن بولىدۇ**

مەسىلەن: رامىزاندا روزا تۇتقاندا نەپسنىڭ ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كەچكەنگە، نامازئوقۇغاندا پۈتۈن بەدەننىڭ ئىشتىراك قىلغىنىغا ۋە ھەج قىلغاندا تەننىڭ يول ئازابى ۋە ئىسسىق ئازابىغا بەرداشلىق بەرگىنىگە ئوخشاش ئىبادەتلەردۇر.

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

### 5. پۇل ـ مال بىلەن ئىبادەت قىلىش

پۇل-مال بىلەن ئىبادەت قىلىش—غەزىبى زاكات ۋە سەدىقە بېرىش، ھاجەتمەنلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ھەج ـ ئۆمرە ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلىش بىلەن بولىدىغان ئىبادەتتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر (ھالال كەسىپ بىلەن) قولغا كەلتۈرگەن ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار»[1].

### 6. جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش

جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش-ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ھەقىقەتنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»[2].

### 7. ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش

ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش—ئىلىم تەھسىل قىلىش، ھىجرەت ۋە ھەج ـئۆمرە قىلىش ئۈچۈن

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 267ـ ئايەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ) ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقۋا بەندىلىرىدىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەھسىل قىلىشقا) چىقمىدى»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[2].

## ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا سالاھىيەت بولۇش

ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا سالاھىيەت بولۇشنىڭ شەرتى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

1. مۇسۇلمان بولۇش.
2. ئەقلى جايىدا بولۇش.
3. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

## باللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى

ئوغۇللار ئىھتىلام بولۇش بىلەن، قىزلار ئادەت كۆرۈش بىلەن بالاغەتكە يېتىدۇ. قىز ـ ئوغۇللاردا بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھېچبىرى بولماي، ئۇلار 15 ياشقا كىرىپ قالسا، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن بولىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش مەسئۇلىيىتى باشلىنىدۇ ۋە قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرى ئۈچۈن ساۋاب ۋە گۇناھلار يېزىلىشقا باشلايدۇ.

ئەگەر ئۇلار 15 ياشقا توشقاندىن كېيىنمۇ ئۇلاردا بالاغەتكە

---

[1] تەۋبە سۈرىسى 122 ـ ئايەت.

[2] دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ئىبادەت» ناملىق كىتابىدىن.

يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېچبىرى كۆرۈلمىسە، ئۇلار 15 ياشقا توشقان كۈنىدىن باشلاپلا بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىزلارنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئۇلاردىن نورمال ئاياللارغا ئوخشاش ئايلىق ئادەتنىڭ كېلىشكە باشلىشى (ھەيز كۆرۈشى)، ئوغۇللارنىڭ ئىھتىلام بولۇشى (ئىسپېرمىنىڭ شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشى)دۇر.

# بىزنىڭ ئەقىدىمىز

## بىزنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ بىرىنچى مەنبەسىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالادىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتە جىبرىل ئارقىلىق نازىل بولغان ئاخىرقى كىتابتۇر، قۇرئان ئوقۇش ساۋابلىق ئەمەلدۇر، مەنىسىنى بىلىپ ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش پەرزدۇر.

## بىزنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

ھەدىس قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىككىنچى چوڭ مەنبە بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىقى ياكى قىلغانلىقى مۇھەددىسلەر (ھەدىسشۇناس ئالىملار) تەرىپىدىن ئېنىقلانغان سەھىھ (ئىشەنچلىك) ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش پەرزدۇر.

## بىزنىڭ تەۋھىد ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ئوخششى يوقتۇر. ئىبادەت ۋە دۇئا پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ، ئاللاھ بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى يوقتۇر.

## بىزنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر

كۆرىدۇ. ئاللاھنى كۆرۈش مۆكاپاتلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

## بىزنىڭ غەيب ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

غەيب ـ سەزگۈ ئەزالار بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئىشلار بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مەلۇم دىنىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن بەزى پەيغەمبەرلەرگە بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرگەن.«ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىنى خالىغانلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ»[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

## بىزنىڭ شەرىئەت ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

شەرىئەت - ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن- تۈزۈم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش پەرزدۇر.

شەرىئەت قانۇنى ئەڭ ئادالەتلىك ۋە ئەڭ توغرا قانۇندۇر. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ئادەم بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بەختلىك بولىدۇ.

## بىزنىڭ خەلىپە ياكى ئىماملىق ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

ئىسلام دۆلىتىنى مۇسۇلمانلار ئاممىسى رازى بولغان ۋە مەخسۇس شۇرا ھەيئىتى سايلاپ چىققان خەلىپە باشقۇرىدۇ. خەلىپە بولۇپ سايلىنىش ئۈچۈن ئەقىل، ئىلىم، تەقۋالىق، ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا سالاھىيەتلىك بولۇش شەرت قىلىنىدۇ.

خەلىپە ياكى ئىمام قۇرئان ۋە سۈننەت يولىدا ماڭغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر. خەلىپە ياكى ئىمامغا نەسىھەت قىلىش، خاتا

كەتكەن يەرلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ھەربىر ئۆلىمانىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىدۇر.

## بىزنىڭ مەزھەپ ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

**بىزنىڭ مەزھىپىمىز ئەھلى سۈننەتتۇر. ئەھلى سۈننەت - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا تولۇق ئەگەشكەن ئەڭ توغرا مەزھەپتۇر.**

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ مەزھەپكە ئەگەشكەن. چۈنكى، ئەھلى سۈننەت مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسى دۇرۇستۇر. چۈنكى، ئەقىدە دۇرۇس ۋە ساغلام بولمىسا، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر قوبۇل بولمايدۇ.

## بىزنىڭ فىقھىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

**ئىسلام فىقھىنىڭ مەنبەلىرى قۇرئان، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياستۇر. قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ئەڭ ئاساسلىق مەنبە بولۇپ، بۇ ئىككى مەنبە بىلەن بېكىتىلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققى يوقتۇر.**

ساھابە ۋە تابىئىين ئۆلىمالىرىنىڭ قىلغانلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈلگىدۇر. ئىجما بىلەن قىياسنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر.

## بىزنىڭ دوست- دۈشمەن ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

**مۇئمىنلەرنىڭ دوستلىرى پەقەتلا مۇئمىنلەردۇر. شۇڭا، مۇئمىننى قوغداش، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، ئۇنى دوست تۇتۇش مۇئمىننىڭ بۇرچىدۇر. مۇئمىن ئادەم بىراۋنى دوست**

**تۇتسا، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ، بىراۋنى يامان كۆرسىمۇ، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ. مۇئمىن كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈش، كاپىرلارنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر.**

بىرەر مۇئمىن ئادەمنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ياكى زالىملىقىنى ۋەياكى پاسىقلىقىنى يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى يامان كۆرۈشكە ۋە ئۇنى دۈشمەن تۇتۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلاردىن بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان كىشىلەرنىمۇ مۇئمىنلىكتىن چىقىرىۋەتمىگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار»[2].

## بىزنىڭ مۇئمىنلەر ھەققىدىكى ئەقىدىمىز

**بىر مۇئمىندە ياخشىلىق-يامانلىق، تەقۋالىق-پاسىقلىق، ئىتائەتچانلىق-ئاسىيلىق قاتارلىق بىر-بىرىگە زىت ئەھۋاللار تېپىلغاندا، ئۇنىڭ ياخشىلىق، تەقۋالىق، ئىتائەتچانلىق تەرەپلىرىنى دوست تۇتۇپ، يامانلىق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىق تەرەپلىرىنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر**

بىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ھەم غەمخورلۇققا ھەم جازاغا لايىق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئوغرىلىق قىلغان بىرى يوقسۇللۇقى يۈزىسىدىن ياردەمگە تېگىشلىك بولسا، ئوغرىلىقى تۈپەيلىدىن جازاغا تېگىشلىك بولغىنىغا ئوخشاش.

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 10- ئايەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى :9- ئايەت

ئۇنىڭ يامانلىقى ياخشىلىقىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن ساۋابقا، يامانلىقى ئۈچۈن جازاغا لايىق بولىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز، جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەۋزىلى، ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كېلىپ ساماۋى دىنلارنى تولۇقلىغان ۋە بۇ دىنلارنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئۇلۇغ پەيغەمبەردۇر. ئۇنى سۆيۈش ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش پەرزدۇر.**

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەربىر پەيغەمبەر بىر مەخسۇس مىللەت ئارىسىغا ئەۋەتىلگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن ئالەمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ئالاھىدە پەيغەمبەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە رولى ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت قىلىشى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت قىلغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ دەيدىغان ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل، فىل يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئايىنىڭ 9ـ كۈنى (يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، 12 ـ كۈنى) دۈشەنبە كۈنلۈكتە، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئائىلىسى بولغان بەنى ھاشىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىسمائىل ئوغۇللىرىدىن كەنانە قەبىلىسىنى تاللىدى، كەنانە قەبىلىسىدىن قۇرەيشنى، قۇرەيشتىن ھاشىم ئوغۇللىرىنى، ھاشىم ئوغۇللىرىدىن مېنى تاللىدى»[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە تونۇلغان، ھەتتا ئۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىشەنچلىك مۇھەممەد»، «راستچىل مۇھەممەد» دېگەندەك ئوخشاش ئىسىل ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىرىق ياشقا كىرگەندە ئاللاھ جىبرىل ئىسىملىك پەرىشتىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن مەككىدە ئاۋۋال ئۈچ يىل يوشۇرۇن، كېيىن 10 يىل ئاشكارا، جەمئىي 13 يىل ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان جەبىر- زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەككىنى تەرك ئېتىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇ مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، كۈندىن ـ كۈنگە مۇسۇلمانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرەت تېپىشى نەتىجىسىدە، مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەدىنىدە تەشكىللەنگەن ئون مىڭ كىشىلىك

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**ئىسلام قوشۇنى ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى مەككە شەھرىنى مۇشرىك كۈچلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنى مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزىدۇ**

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيەنىڭ 632-يىلى، ھىجرىيەنىڭ 11- يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئايىنىڭ 12- كۈنى دۈشەنبە كۈنلۈكتە 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە باشقا تەرەپلىرى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۆۋەندە ئەھمىيەت-لىك دەپ قارالغان ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز:

### 1. راستچىللىق

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغانلىقىغا ئۇنىڭ قەۋمى ھەممە بىردەك گۇۋاھلىق بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن قەۋمى ئىچىدە «راستچىل مۇھەممەد» ۋە «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دېگەنگە ئوخشاش ئېسىل ئۇنۋانلار بىلەن تونۇلغان ئىدى.**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا جېنى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ جەھىل (ئەسلى ئىسمى

ئەبۇلھەكەم)مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «بىز سېنىڭ راستچىللىقىڭنى ئىنكار قىلغىنىمىز يوق، پەقەت سەن ئېلىپ كەلگەن يېڭى دىنىڭنى ئىنكار قىلىۋاتىمىز»[1]

شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: ﴿فَإِنَّهُمْ لَا يُكَذِّبُونَكَ وَلَٰكِنَّ الظَّالِمِينَ بِآيَاتِ اللَّهِ يَجْحَدُونَ﴾ «شەكسىزكى، ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، پەقەت بۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ»[2].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ئەكس ئەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمان، كاپىر ھېچكىمنىڭ ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن ئەيىبلىگىنى مەلۇم ئەمەس. 40 ياشقا كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر پىششىق بىلىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىياسىيونمۇ، دىن تەرغىباتچىسىمۇ ياكى ناتىقمۇ ئەمەس ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مېتافىزىكا، ئەدەپ-ئەخلاق تەلىماتى، قانۇنشۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق ياكى جەمئىيەتشۇ-ناسلىق قاتارلىق مەسىلىلەردىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە سۆز ئېچىپ باققىنىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقى ھەم پەزىلىتى ئىنتايىن مۇكەممەل، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى جەلپقىلارلىق، تەربىيەلىنىشىمۇ ئىنتايىن ئالىيجاناب ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرنى پەۋقۇلئاددە ھەيران قالدۇرغۇدەك ئالاھىدىلىكىمۇ يوق ئىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ئىنقىلابى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشىدىن ئۈمىدمۇ كۈتمەيتتى.

لېكىن ئۇ ھىرا غارىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىنى

---

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋەقەلىك.

[2] ئەنئام سۈرىسى 33 - ئايەت.

ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدى. قېنى ئويلاپ باقايلى، مۇشۇنداق ئالىيجاناب خىسلەتلىك بىر ئادەم تۈيۈقسىزدىن 180 گرادۇس ئۆزگىرىپ «يالغانچى» بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى يالغاندىن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتاپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتا غەزىپىنى قوزغىتىۋېتىشى مۇمكىنمۇ؟

## 2. ئىنتىزامچانلىق

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى چاقىرغان ئىشقا ئالدى بىلەن ئۆزى تولۇق ئەمەل قىلاتتى، ئۇلارنى توسقان ئىشنى ئۆزى قەتئىي قىلمايتتى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلاتتى، ۋاقىتقا رىئايە قىلاتتى.**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋاسى، ئەڭ ئەخلاقلىقى، ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا ئەڭ ئالدىنقىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇ رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ كۆپ روزا تۇتاتتى، كېچىلىرى ئۇخلىماي نامازدا تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ھەتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلۇللاھ، نېمانچە ئۆزىڭىزنى قىينايسىز؟ سىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن: «ئاللاھنىڭ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسى بولمايمەنمۇ!» دەيتتى[1].

ئۇ ھەر تەرەپتىن كامالغا يەتكەن بىر ئۈلگە. ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ئىزىدىن ئەڭ كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۈلگىلىرىنى بايقىيالايمىز. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ماختىغان:

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.»[1] شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىكەنلىكىنى ئىبلان قىلغان: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە ــ ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»[2]

### 3. قايتماس ئىرادە

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتىكى قەتئىي ئىرادىسىدىن ھەرگىزمۇ بوشاپ قالمىدى. ئۇ دەۋەت يولىدا بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، بەلكى بارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندى.**

دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە ھەر بىر قەبىلىنىڭ يېنىغا باردى، گاھ ئۇلارنى زىيارەتكە، گاھ يىغىنغا چاقىردى، ئۇلارغا ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ئەرەب كۇففارلىرىنىڭ تۈرلۈك جىسمانىي ئازابلاشلىرىغا ئۇچرىدى، مۇشرىكلار تەرىپىدىن قويۇلغان ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي جازا جەريانىدا مۇسۇلمانلار ئاچارچىلىقتىن تېرىلەرنى ۋە يوپۇرماقلارنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. چارىسىزلىكتىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى، ئۆزىمۇ جەۋر ـ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن جىھاد قىلدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭ

---

[1] قەلەم سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشتىن ۋاز كېچىش شەرتى بىلەن، ئۇنىڭغا سورىغان نەرسىسىنى بېرىش، ھەتتا ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىۋېلىش ۋە پۈتۈن بايلىقلىرىنى ئۇنىڭغا يىغىپ بېرىش ياكى ئەگەر دىن تەشۋىقاتىنى تاشلىمىسا، ئۇنىڭدىن قاتتىق ئىنتىقام ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىختىيارنى ئۇنىڭغا سۇنغاندا، ئۇ ھاياتىنىڭ نېمە بولۇشىغا قارىماي ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشنى تاللىغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىدىكى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك بوھتانلىرى، دۈشمەنلىكلىرى ۋە جىسمانىي ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرىشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىردا چوقۇم ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر تۇرمۇش يولى بولۇپ كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەنلىكىدىن ئىدى.

## ئەھلى بەيت ۋە ئۇلارغا قارىتا مەجبۇرىيىتىمىز

**ئەھلى بەيت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەبىر مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ ياخشى كېپىنى قىلىش، ئۇلارنى پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە دۇئالىرىدا ياد ئېتىش مەجبۇرىيىتى بار.**

ئەھلى بەيت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى، پەرزەنتلىرىنى ۋە نەۋرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەھلى بەيت ۋە ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەزى ئىختىلاپلار ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشتىن ساقلىنىمىز.

## ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتى

**ساھابە – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ۋە مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ئۆلگەن كىشى دېمەكتۇر. ساھابىلەرنى سۆيۈش، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈر.**

ساھابىلەر ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پېشۋالىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ سەرخىللىرى بولۇپ، ساھابىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە تا قىيا-مەتكىچە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىغان، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچ تېپىشى ۋە راۋاجلىنىشى يولىدا جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى پىدا قىلغان، قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلىۋەتمىگەن، ئۇنىڭ بىلەن جىھادلاردا ۋە بارلىق قىيىنچىلىقلاردا بىرگە بولغان زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان پېشقەدەم مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق يولىدا ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقانلاردىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئىچىدە مەڭگۈ قالىدىغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى

تەييارلىدى. بۇ چوڭ بەختتۇر»[1].

ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى - ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن- قاتارلىق تۆت ساھابىدۇر. ئۇلاردىن قالسا، جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىدۇر. جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەنلەر يۇقىرىقى تۆت كىشى بىلەن بىرلىكتە تەلھە، زۇبەير، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، سەئىد ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردۇر. مۇھاجىرلار ئەنسارلارغا نىسبەتەن پەزىلەتتە ئارتۇقتۇر. بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلار، بەيئەتتە ھازىر بولغانلار ۋە مەككە فەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلار مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئىمان ئېيتقانلاردىن پەزىلەتتە ۋە ھۆرمەتتە ئارتۇقتۇر.

## قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى

**قۇرئان كەرىم 114 سۈرە، 6236 ئايەت، 77439 سۆز ۋە 325743 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. قۇرئان كەرىم باراۋەر 30 پارىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر پارىسى ئىككى ھىزبقا، ھەربىر ھىزبىسى تۆت رۇبئىغا بۆلۈنىدۇ. نەتىجىدە قۇرئان 30 پارا، 60 ھىزب، ۋە 240 رۇبئىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.**

قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆز ئۆزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەردىن بولۇپ، كەلىمىلىرىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق يەۋقۇلئاددە يۇقىرىدۇر. قۇرئاننىڭ ئىبارىلىرىمۇ ئىنتايىن سىلىق، چاققان، مەنىگە دالالەت قىلىش ئۇستۇنلىكى ئالاھىدە يۇقىرى، ئوقۇش ۋە يادلاش

[1] تەۋبە سۈرىسى 100 - ئايەت

ئۇچۇن شۇنچىلىك ئەپلىك ھەم ئوڭايدۇر.

## قۇرئان كەرىمنىڭ تارىخى

**«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق مۆجىزىسىدۇر. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيەنىڭ 610 ـ يىلى مەككىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىم نازىل بولۇشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇپتوغرا 40 ياشتا ئىدى.**

«قۇرئان كەرىم» ۋەزىيەت ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز-ئازدىن نازىل بولۇپ، تولۇق 23 يىلدا تولۇق تاماملاندى. «قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق»[1]. قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن بۇرۇنقى تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق كىتابلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىرەر ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئىلىم تەھسىل قىلمىغان، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمىگەن بىر زات بولغانلىقتىن، ھەر قېتىم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئېلىپ كېلىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ ساھابىلىرىگە ئۆزى يادلىغىنى بويىچە يادقا ئالدۇرۇش بىلەن بىرگە ۋەھيىلەرنى يازغۇچى كاتىبلارغا بۇيرۇپ ئۇلارنى سىلىق تاشلارغا، تېرىلەرگە ۋە خورمىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ساقلاتتى. ۋەھيى كاتىپلىرى ساھابىلەرنىڭ ئەڭ بىلىملىك ۋە ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ۋەھيىلەرنى يېزىپ

---

[1] ئىسرا سۈرىسى:106-ئايەت.

خاتىرىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 40قا يېقىن مەخسۇس كاتىپ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى، ئۆز ۋاقتىدا ئەينەن يېزىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۇسۇلمانلارغا يادلاش ۋە يېزىپ قالدۇرۇش ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى توپلاپ، ئۇنى كىتاب قىلىپ ئۆز يېنىدا ساقلايدۇ. توپلاش ئىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىپى ۋە ۋەھيى كاتىپلىرىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياردەمچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇرئاننى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدا ساقلايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆز ئۆيىدە ساقلايدۇ. ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قايتۇرۇپ ئېلىپ زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرلەر باشچىلىقىدىكى ۋەھيى كاتىپلىرىغا بۇيرۇپ، قۇرئان كەرىمنى بىر نۇسخا يازدۇرۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ بىر نۇسخىنى 7 نۇسخىغا كۆپەيتىپ، بىرىنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ قالىدۇ، قالغان ئالتە نۇسخىسىنى مەككە، شام، يەمەن، كۇفە، بەسرە ۋە بەھرەين قاتارلىق ئىسلام شەھەرلىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، ئىستانبۇل توپقاپى سارايىدا ۋە ئۆزبېكىستان دىنىي ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتقان قۇرئان كەرىم

نۇسخىلىرى شۇ چاغدىكى قول يازمىلارنىڭ ئۆزىدۇر.

## سۈننەتنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى

**ئىسلام ئۆلىمالىرى سۈننەت بىلەن ھەدىسنى بىر مەنىدە دەپ قارايدۇ. سۈننەتكە ئەگىشىش پەرزدۇر. سۈننەت ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.**

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى سۈننەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا﴾ «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»[1]. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللّٰهَ﴾ «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ئەھكاملارنى ئوچۇقلاش، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ۋە تەپسىلىي بايان قىلىشتەك ئالاھىدە مۇھىم خۇسۇسىيىتى بىلەن ««قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى»دىيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا «ھېكمەت» نامى بىلەن سۈننەتنىمۇ ئاتا قىلغان. ﴿وَاذْكُرْنَ مَا يُتْلَى فِي بُيُوتِكُنَّ مِنْ آيَاتِ اللّٰهِ وَالْحِكْمَةِ...﴾ «ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھېكمەتنى

---

[1] ھەشر سۈرىسى: 7 ـ ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى: 80 ـ ئايەت.

(ھەدىسلەرنى) ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار»[1].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەقسەت-غايىلىرىنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈننەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىپ، ئۇنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە بۇيرۇغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى، بۇيرۇغانلىرىنى، توسقانلىرىنى ۋە جىمى ئەھكاملىرىنى گاھ ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھ سۆزى بىلەن، گاھ باشقىلارنىڭ توغرا قىلغان ئىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشى، خاتا قىلغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى بىلەن يەتكۈزگەن.

## «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش ئۈچۈن سۈننەتكە موھتاجمىز

**سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى ۋە ئەمەلىي تەتبىقاتىدۇر. قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ئۈچۈن سۈننەتكە ئېھتىياجىمىز بار.**

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق»[2] دېگەن. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى قۇرئان ۋە سۈننەت ئىككىسى بىلەن بەرپا بولغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈننەتكە بولغان ئېھتىياجى بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئېھتىياجلاردىن بىرىدۇر.

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 34- ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى:44- ئايەت.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە بۇ ئىككى مەنبەنى ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ كەلمەكتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم. بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر. ئۇلار: قۇرئان ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش

**دىنىمىزدا ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش پەرزدۇر. چۈنكى ئىلىم ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئىلىم ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالانى بىلىشتىن باشلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش شەرتتۇر. ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ئىلىمنى ئوقۇش پەرزدۇر.**

چۈنكى ئوقۇماستىن بىلگىلى بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگىن»[2] دەپ كەلگەن. يارىتىلىشنىڭ غايىسىمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ياشاشتۇر. بۇنى ئىبادەت دەيمىز. ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم»[3] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئىبادەتتىن مەقسەت: ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈشتۇر. بۇ ۋەزىپىنى ۋە بۇ غايىنى

---

[1] ھاكىم رىۋايىتى.

[2] سۈرە مۇھەممەد، 19- ئايەت.

[3] سۈرە زارىيات، 56- ئايەت.

ئورۇنداش ئۈچۈن ئوقۇش، ئۆگىنىش شەرتتۇر.

دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك، ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسى ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك. دېمەك ئىككىلى ئالەمدە بەخت-سائادەتلىك ھاياتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىلىم كېرەك. مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە ئىلىم كېرەك. ئىلىم-پەن بىلەن قوراللىنىش ئارقىلىق كۈچلۈك بولغىلى بولىدۇ، كۈچلۈك بولغاندا ئۆز-ئۆزىمىزگە خوجا بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇش، ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن تاللاش ئەمەس، بەلكى پەرز ۋە قەرزدۇر

## پەرز بولغان ئىلىم

ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ ئىسىم- سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىش پەرزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، مىراس، تارىخ، تەربىيە قاتارلىق ئىسلامىي ئىلىملەرنى، شۇنداقلا مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، فىزىكا، بىيولوگىيە، بىناكارلىق، ئىقتىساد، سىياسەت قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىش پەرزدۇر.

شۇنداقلا دىن ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن كېرەك بولغان ھەرقانداق ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ئوممۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ساھەلەردە ئوقۇسا، ئوقۇمىغانلىرىدىن بۇ پەرز ساقىت بولىدۇ. ئەگەر بىرەر رايون ۋە بىرەر مەھەللىدىن بۇ پەنلەرنى ئوقۇيدىغان ئادەملەر چىقمىسا، شۇ رايون ۋە شۇ مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلاردىن بۇ ئىلىملەرنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى ساقىت بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.

## فىقھى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

**فىقھ–قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردىن ئېلىنغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىش دېگەنلىكتۇر. مەيلى نامازغا ئوخشاش قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىش بولسۇن، مەيلى يالغان ئېيتىشقا ئوخشاش تەرك ئېتىش تەلەپ قىلىنغان ئىش بولسۇن، مەيلى يېيىش-ئىچىشكە ئوخشاش ئىختىيارىي ئىش بولسۇن، ئىسلام فىقھى بۇ ئىشلارنىڭ ئەھكاملىرىنى سىستېمىلىق ھالدا، ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدۇ**

فىقھى ئىلمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا تەدرىجىي ھالدا يېتىلىپ تارتىشقا باشلىغان. كېيىنچە ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە فىقھى ئىلمى رەسمىي تۈردە قانات يايغان. ئاندىن ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە رەسمىي تۈردە رەتلىنىپ توپلىنىشقا باشلىغان. بۇ دەۋر فىقھى مەزھەپلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىققان دەۋرى ئىدى.

فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب قۇرئان ياكى ھەدىسلەردە ھۆكۈمى بولمىغان يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ تۇرغان مەسىلىلەر ھەققىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشكە بولغان زور ئېھتىياجدۇر.

## مەزھەپ ھەققىدىكى مەسىلىلەر

**مەزھەپ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ۋە ھەدىسلەرنى**

**چۈشىنىشتە مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ مۇئەييەن ئۇسۇل ۋە قائىدىلەر بويىچە چۈشەنگەنلىرىدىن ھاسىل بولغان كۆز قاراشلاردۇر.**

مەزھەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ زامانىدىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىشى، ھەدىسلەرنىڭ ھەممىلا ئۆلىماغا توغرا شەكىلدە يېتىپ كەلمىگەنلىكى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى چۈشىنىش تەرزىنىڭ بىردەك بولمىغانلىقىدىن ئىدى.

## ئىسلامدىكى مەزھەپلەر

**ئىسلام دۇنياسىدا ئىككى تۈرلۈك مەزھەپ بولۇپ، بىرى، ئېتىقادىي (يەنى ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك) مەزھەپلەر، يەنە بىرى ئەمەلىي (يەنى ئەمەل - ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك) مەزھەپلەردۇر.**

ئېتىقادىي مەزھەپلەر: ئەھلى سۈننە، شىئە، مۇتەزىلە، خاۋارىج، رافىزە، ئىسمائىلىيە، باھائىيە، ئابازىيە، جەبرىيە، قەدەرىيە قاتارلىق مەزھەپلەردۇر. بىزنىڭ ئېتىقادىي مەزھىپىمىز ئەھلى سۈننەت مەزھىپىدۇر.

## ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان فىقھى مەزھەپلەرنىڭ مەشھۇرلىرى

**(1) ھەنەفىي مەزھىپى**
**(2) مالىكىي مەزھىپى**
**(3) شافىئىي مەزھىپى**
**(4) ھەنبەلىي مەزھىپى**

## ھەنەفىي مەزھىپى

**ھەنەفىي مەزھىپى - ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر مەزھەپلەرنىڭ بىرىنچىسىدۇر. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ۋە قۇرغۇچىسى ئىمام ئەزەم بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى - سابىت ئوغلى نۇئماندۇر.**

ئىمام ئەزەم ھىجرىيىنىڭ 80 -يىلى (699م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەمەۋىلەر بىلەن ئابباسىيلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خەلىپىلىك زامانىدا ياشىغان، كاتتا مۇجتەھىد ئالىم. ئىمام ئەزەم تەقۋالىقى ۋە ھوشيارلىقى بىلەن داڭق چىقارغان كىشى بولۇپ، تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ راستچىللىقى ۋە توغرىلىقى بىلەن تونۇلغان زات ئىدى.

## مالىكىي مەزھىپى

**مالىكىي مەزھىپى- ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر مەزھەپلەرنىڭ ئىككىنچىسىدۇر. مالىكىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام مالىك بولۇپ، تولۇق ئىسمى مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىكتۇر.**

## شافىئىي مەزھىپى

**شافىئىي مەزھىپى- ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر مەزھەپلەرنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. شافىئىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىئىي بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەل شافىئىيدۇر**

### ھەنبەلىي مەزھىپى

**ھەنبەلىي مەزھىپى - ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر مەزھەپلەرنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر**

بىزنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىدىكى مەزھىپىمىز ھەنەفىي مەزھىپى بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزھەپ ئىمامىمىز ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە دېگەن كىشىدۇر.

## ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ ئالامىتى

**ئەۋلىيا ـ ئاللاھنىڭ دوستلىرى دېگەنلىك بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان تەقۋادار مۇئمىن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.**

«ئەۋلىيا» ئاتالغۇسى «ۋەلى» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «دوست» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلغان مۇئمىن تەقۋادار ئادەم ئۇنىڭغا بولغان يېقىنلىقىدىن گويا ئۇنىڭ دوستىغا ئايلانغان بولىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمدە بىرىلگەن ئۇنۋاندۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ. الَّذِينَ آمَنُوا وَكَانُوا يَتَّقُونَ. لَهُمُ الْبُشْرَى فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ لَا تَبْدِيلَ لِكَلِمَاتِ اللَّهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرىگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ. ئۇلار

ئىمان ئېيتقان ۋە ھەمىشە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيادىكى ھاياتتىدا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر»[1].

## ئەۋلىيانىڭ ئالامىتى

ئەۋلىيانىڭ ئالامىتى تەقۋالىق بىلەن ئىستىقامەتتۇر. تەقۋالىق- پۈتۈن ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ دۇرۇس ئىش قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. ئىستىقامەت- ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يولدا مۇستەھكەم بولۇپ ئىزچىل مېڭىش دېگەنلىكتۇر.

تەقۋالىق بىلەن ئىستىقامەتتە مۇستەھكەم تۇرغان ھەرقانداق مۇئمىن ئادەمنى ئەۋلىيا دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە كارامەت دېگەندەك ئىشلار يۈز بەرسە، بۇ ئۇنىڭ باشقا مۇئمىنلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، بەزى ئىلھام ۋە كارامەت دېگەندەك ئەھۋاللار ئادەتتىكى كىشىلەرگىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى ياكى كارامەت كۆرگەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان كىشىلەر ئەلۋەتتە يالغانچى پاسىقلاردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ كارامىتىگە نائىل بولغان ئادەم ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنى بىلمەيلا قالىدۇ.

## ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار

ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: مۆجىزە، كارامەت ۋە سېھىردۇر.

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى 62ـ64 ـ ئايەتلەر.

## مۆجىزە

مۆجىزە - پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھ ئاتا قىلغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىش دېمەكتۇر. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئايلانغانلىقى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغما كورنى ساقايتقانلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئونلارچە كىشى تاھارەت ئالغۇدەك مىقداردا سۇ چىققانلىقىغا ئوخشاش

## كارامەت

كارامەت-تەقۋادار، مۇئمىن كىشىلەرنىڭ قولىدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئىشلار بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىلىرىنىڭ قولىدا مەيدانغا چىقىرىدۇ. مەسىلەن: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇنىڭ مەدىنىدە مۇنبەردە تۇرۇپ، ئىراقتا ئىلگىرىلىۋاتقان ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى سارىيەنى چاقىرىپ، «سارىيە! تاغقا يۆرۈڭلار، تاغقا يۆرۈڭلار» دېگەنلىكى ۋە قوماندانىنىڭ بۇ چاقىرىقنى ئاڭلاپ ئەسكەرلەرنى تاغقا باشلاش ئارقىلىق دۈشمەنىنىڭ سۇيىقەستىدىن ئامان قالغانلىقىغا ئوخشاش.

## سېھىر

سېھىر- پاسىق ۋە گۇناھكار ئادەمنىڭ قولىدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بۇزغۇنچىلىقتۇر. مەسىلەن: سېھىرگەرلەرنىڭ كىشىلەرنى قەستلىشىگە ۋە بىر-بىرىگە ئۆچ ياكى ئامراق قىلىۋېلىشىغا ئوخشاش.

بـەزى ئۆلـمـالار كارامـەت توغرۇلـۇق مۇنـداق ئـىككى قاراشـنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. پەيغەمبـەر ئۇچـۇن مۆجـىزە سـانالغان ھەرقانـداق ئـىش ئەۋلىيـا ئۇچـۇن كارامـەت سـانىلىدۇ. بىـرلا پەرقـى شـۇكى، پەيغەمبەرلـەر مۆجىزىلەرنـى ئۆزلىرىنىـڭ ئالـلاھ تائالانـىڭ ئەلچىلىـرى ئىكەنلىكىنـى ئىسـپاتلاش ئۇچـۇن كۆرسـىتىدۇ، ئەممـا ئەۋلىيـالاردا كۆرۈلـىدىغـان كارامەتلـەر مۇددىئاسـىزدۇر. يەنـى ئـۇلار ئۆزلىرىنىـڭ ئەۋلىيـا ئىكەنلىكىنـى دەلىللەشكە تىرىشمايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

2. ئەۋلىيـالاردا بـەزى كارامەتلەرنىـڭ كۆرۈلىدىغانلىقـى ھەقتۇر. ئەممـا ئۇلارنىـڭ كارامەتلىـرى ئاتىسـىز بالىنـى بارلىققا كەلتـۈرۈش ياكـى جانسـىز نەرسـىلەرنى جانلىـق ھايۋانلارغـا ئايلاندۇرۇشـتەك ئىشـلارنى قىلالمايدۇ. بـۇ سـۆز ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىـڭ كـۆپ سـانلىقىغا مەنسـۇپ قىلىنغـان بولـۇپ، ئىمـام نەۋەۋىـي «مۇسـلىم شـەرھي» دە، ئىمـام جۇۋەينىـي «ئىرشاد» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان.

## دۇئا ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

دۇئـا- ئـاللاھ تائالاغا يالـۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىـن ھاجەتلىرىنى تىلـەش دېگەنلىـك بولـۇپ، دۇئـا ئـەڭ سـەممىي ئىبادەتتـۇر. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە: «ماڭا دۇئـا قىلىـڭلار، مـەن دۇئايىڭلارنـى ئىجابـەت قىلىمـەن»[1] دەپ بۇيرۇغـان.

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: «ئاللاھقـا دۇئادىـن يېقىملىـق بىـر نەرسـە يـوق»[2] دەپ كۆرسـەتكەن.دۇئا شـۇنداق پەزىلەتلىـك ۋە

[1] غافىر سۈرىسى 60 - ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

پايدىلىق بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سوراش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىدا ئۈچ تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ، ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئۈچىنچىدىن، سورىغان ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. ناۋادا سورىغانلىرى ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم كۆرىدۇ.

## دۇئا ئىجابەت بولۇشنىڭ شەرتلىرى

**دۇئا ئىجابەت بولۇشنىڭ شەرتلىرى: تىل بىلەن دىلنى بىرلەشتۈرۈش، ھالالدىن يېيىش، ئۈمىدۋار بولۇش، ئىجابەت بولۇشىغا ئىشىنىش قاتارلىقلاردۇر.**

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. دۇئانى ئىخلاس بىلەن قىلىش. چۈنكى دۇئا- ئىبادەتتۇر. «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[1].

2. دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك- ئىچمىكى ۋە كىيىم-كېچىكى ھالالدىن بولۇشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئى ئىنسانلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك بولغاننىلا قوبۇل قىلىدۇ»[2] دېگەن.

3. دۇئانى ئاللاھتىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن قىلىش. پەيغەمبەر

[1] بەييىنە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىمرىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ‹دۇئا قىلسام دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى› دەپ ئۇمىدسىزلىنىپلا قالمىساڭلار دۇئايىڭلار چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ»[1].

4. دۇئانى يۈرەكتىن قىلىش يەنى تىل دۇئا بىلەن، دىل باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولماستىن، تىلنى دىلنىڭ تەرجىمانى قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە كامالى ئىخلاسىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا چىن ئىشەنگەن ھالدا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا غەپلەتتىكى پەرۋاسىز كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

5. دۇئانى ئىجابەت بولۇشىغا چىن ئىشەنچ بىلەن قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلغىنىدا ‹ئى ئاللاھ! ئەگەر خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئەگەر خالىساڭ ماڭا رەھىم قىلغىن› دېمىسۇن. بەلكى سورىغانلىرىدا قەتئىي بولسۇن، تىلىكىنىڭ قوبۇل بولۇشىغا ئىشەنچ قىلسۇن. چۈنكى ئاللاھقا ھېچنەرسە ئېغىر كەلمەيدۇ»[3] دېگەن.

6. ئۇرۇق- تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ياكى گۇناھ - مەئسىيەت ئىشلەش ئۈچۈن دۇئا قىلماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ دۇئاسىدا گۇناھ ئىشلەش ياكى سىلە - رەھىمنى ئۈزۈش بولمىسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئۈچ ياخشىلىقنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: يا ئۇنىڭ دۇئاسىنى تېز ئىجابەت قىلىپ تىلىگىنىنى بېرىدۇ

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ياكى ئۇنى ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشىلىق قاتارىدا ساقلاپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئوخشىشىدا يامانلىقنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋېتىدۇ. ساھابىلەر: ‹ئۇنداقتا بىز دۇئانى كۆپ قىلايلى› دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئاللاھنىڭ بېرىدىغىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر› دېگەن»[1] دېگەن.

## ۋەسىلە

ۋەسىلە-دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى بىرەر ھاجەتنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر شەخسنى ۋاستە قىلىش دېگەنلىكتۇر.

### ۋەسىلە قىلىش ئۇسۇلى

دۇئادا ۋەسىلە قىلىش ئۇسۇلى: ئۆزىنىڭ ئىمانىنى، ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەلىنى، ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئاللاھقا يالۋۇرۇشتۇر.

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىش. ﴿رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ﴾ «رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن چاقىرغۇچىنىڭ «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. رەببىمىز بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

يوققا چىقارغىن. بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن»[1]. يۇقىرىقى ئايەتتىن كېيىنلا: ﴿فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ﴾ «رەببى ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى»[2] دېگەن ئايەت كەلگەن.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىش. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ: ﴿فَنَادَى فِي الظُّلُمَاتِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾يەنى ﴿ئۇ، قاراڭغۇلۇقتا «رەببىم! سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكسەن. مەن ھەقىقەتەن (ئۆزۈمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى[3] دەپ دۇئا قىلغان. كېيىنكى ئايەتتە: ﴿فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ وَكَذَلِكَ نُنْجِي الْمُؤْمِنِينَ﴾ «ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق. مۆئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز»[4] دەپ كەلگەن.

3.ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىش. ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا﴾يەنى «﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار»[5].

4. ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش. «ئى ھەمىشە تىرىك تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن، سېنىڭدىن

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 193 ـ ئايەت

[2] ئال ئىمران سۈرىسى 195 ـ ئايەت

[3] ئەنبىيا سۈرىسى 87 ـ ئايەت

[4] ئەنبىيا سۈرىسى 88 ـ ئايەت

[5] ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت

ياردەم سورايمەن»[1] دېگەنگە ئوخشاش.

5. ئۆزىنىڭ ياخشى قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلىقى، تاغ ئۈستىدىن بىر يوغان تاشنىڭ دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى يېپىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈر ئىچىگە سولىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارىسى قالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، كامالى ئىخلاسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنغان.[2]

## تەۋبە ـ ئىستىغپار

**تەۋبە—قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش دېگەنلىكتۇر.**
**ئىستىغپار ـ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش دېگەنلىكتۇر.**
**ئاللاھ تائالا بىزنى تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇڭا ھەرقانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن تەۋبە قىلىش پەرزدۇر.**

تەۋبە-ئىستىغپار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلار-دىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. ئاخىرى ئادەم ئۆزىنى

[1] تىرمىزى رىۋايىتى
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

چىقماس تار كوچىلارغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ.

ئۆز خاتالىقىنى بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزگەن، بىر گۇناھنى ئىشلىگەن ھامان ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىش ۋە يېڭى گۇناھ ئىشلەشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىمەن»[1] دېگەن. چۈنكى، تەۋبە-ئىستىغپار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغان، خاتالىقلارنىڭ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئارقىلىق ئۇنى مۇرەككەپ خاتالىقلار ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر.

### تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى

1. بۇرۇن قىلغان گۇناھ ـ يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش،

2. گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش،
3. گۇناھ ـ يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش
4. ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قىلغان يامانلىقلار ئۈچۈن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراش، ھەققى بولسا قايتۇرۇش.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ۋە قىلمىشلار، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما»دېگەن ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنساننى شۇنچە گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەخلۇقاتنىڭ ئۇلۇغراقى قىلىپ بەلگىلىدى، تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. ئەمما مەخلۇقاتنى، خۇسۇسەن ئىنسانلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئابرۇيلىرىنى تۆكۈش قاتارلىق قىلمىشلار، ئۇلارنىڭ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن بەھوزۇر ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى يۇقىرىدىكى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن زۇلۇم، ھەقسىزلىق، دۈشمەنلىك، ھارامخورلۇق ۋە باشقا يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسى، يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرلىكتە، 4 ـ شەرت (ھەقسىزلىق قىلىنغۇچى ياكى تاجاۋۇز

قىلىنغۇچىدىن كەچۈرۈم سوراش، ھەققى بولسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش) بىلەنلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

## مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئوخشىۋېلىشنىڭ خاتالىقى

مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ مىللىي ياكى دىنىي قىلىقلىرىنى دوراش ئۆزىنى ئۇلارغا ئوخشىتىۋالغانلىقتۇر. مەسىلەن: مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كۇفرىنىڭ سىمۋولى بولغان كىيىملەرنى كىيىشى ياكى يېرىم-يالىڭاچ كىيىنىشى، ئەرلەرنىڭ قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك تاقىۋېلىشى، بەدىنىگە رەسىم سىزدۇرۇش، ئاتا-ئانىسىنى باقماسلىق، ئەركىنلىك دەۋاسى بىلەن بالىلىرىغا دىنىي تەربىيە بەرمەسلىك، ئاياللىنى ھەقلىق رەۋىشتە كۈنلىمەسلىك قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ قىلىقىدۇر

### مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراش خاتادۇر

مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمانىنىڭ ئەقىدىسىگە، مۇسۇلمانچە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئۆيغۇن كەلمەيدىغان ئادەتلىرىنى دوراش چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلىشتىن توسۇپ ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىتىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ قەۋمدىن بولۇپ كېتىدۇ»[1].

زامانىمىزدا ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئوخشىتىۋېلىش ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلماقتا. ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

## قەبرە قاتۇرۇشنىڭ ھۆكمى

قەبرىلەرنى قاتۇرۇشتىن قەبرىلەرنى خىش ۋە سېمونت بىلەن قاتۇرۇپ، خۇددى باشقا دىندىكىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە ئوخشىتىپ قورۇپ چىقىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا خىلاپ كېلىدىغان يامان ئىشتۇر. دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەبرە پەقەت بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە تونۇپ دۇئا قىلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بىر غېرىچ مىقداردا كۆتۈرۈلگەن»[1].

## تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەشنىڭ ھۆكمى

تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئادىتى خىرىستىيان ئەقىدىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئەڭ مۆتىۋەر ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ خاتىرىلەيدۇ. بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جائىز ئەمەس.

تۇغۇلغان كۈنىنىڭ كېلىشى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ، ئۆتكەن بىر يىلدا ئىنسانلىق، توغرىسى مۇسۇلمانلىق نامىغا لايىق نېمە ئىشلارنى قىلدىم؟ قانداق ياخشىلىقلارنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم؟ ئىنسانىيەتكە نېمە مەنپەئەت يەتكۈزە-لىدىم دەپ ھېسابلىشىش ۋاقتى.

ئەگەر تۇغۇلغان كۈنىنىڭ كەلگەنلىكى خۇشاللىنىشقا تېگىشلىك ئىش بولسا، دەل ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە مۇشۇ كۈنلەرنى ياشاتقانلىقى ۋە بوگۈنگىچە ئۆمۈر ھەم تەن-ساقلىقى بەرگەنلىكىدۇر. بۇ سەۋەبتىن تۇغۇلغان كۈنى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان كۈن دېسەك ئەڭ توغرا بولىدۇ.

---

[1] دار قۇتنى رىۋايىتى.

## ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىنى خاتىرىلەشنىڭ ھۆكمى

ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمى مىلادىيىنىڭ 270 - يىلى 14 - فېۋرال كۈنىدە خرىستىيان چېركاۋلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا يولۇققان خرىستىيان پوپ داي ۋالىنتايىن (valentine day) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن خرىستىيانلار پەيدا قىلغان، ئەسلىدە رىملىقلارغا ئائىت جاھىلىيەت قالدۇق-لىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى زامان خرىستىيانلىرى بۇ ئادەتنى بايرام شەكلىدە داۋاملاشتۇرماقتا. بۇنداق قىلىش جائىز ئەمەس.

## يېڭى يىل بايرىمى (روژدېتسۋا بايرىمى)نى قۇتلاشنىڭ ھۆكمى

يېڭى يىل بايرىمى ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلنى قۇتلاش ئۈچۈن خرىستىيانلار يولغا قويغان بىر دىنىي بايرام بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى خرىستىيانلارنىڭ بىر- بىرىگە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىشى، يېشىل دەرەخنى تىكلەش، ئائىلە بويىچە خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىش، نوۋېل پاپانىڭ تەقلىدىنى ياساش بىلەن بولىدۇ. بۇ بايرام كرىسمىس دەپ ئاتىلىدۇ. (چۈنكى Xmas) سۆزى گرېكچىدىكى خرىستوس (Xpiотоς) سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. بۇنداق قىلىش جائىز ئەمەس.

## مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىشلار

**بىز مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى، ئىلىم-مەرىپىتىنى، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، سۆزىدە تۇرۇش، مۇئامىلىدە سەممىي بولۇشقا ئوخشىغان بەزى ئىنسانىي ئەخلاقىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.**

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «هېكمەت مۇسۇلماننىڭ يوقىتىۋالغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى نەدىن تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر»[1] دېگەن. هېكمەت - توغرا ئىش، توغرا سۆزۋە پايدىلىق ئىلىم دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىلىم- مەرىپەتنى، هۈنەر- كەسىپنى ۋە توغرا ئىشلارنى نەدە بولسا تېپىپ ئۆگىنىشكە ۋە قىلىشقا بۇيرۇلغان.

## مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قىلماسلىق

مۇسۇلمانلار قايسى مىللەتتىن، قايسى دۆلەتتىن ۋە قانداق رەڭلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزئارا دىنىي قېرىنداشلاردۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾[2] دەپ ئېلان قىلغان. ئىسلام ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئەڭ ئۈستۈن كىملىكىدۇر. بۇ كىملىكنىڭ ئاستىغا مىللىي كىملىك، قەبىلە كىملىكى ۋە باشقا كىملىكلەر تىزىلىدۇ.

## ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇش گۇناھ ئەمەس

ھەرقانداق ئادەم ئۆچۈن ئۆز مىللىتى سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىكتۇر. ئەمما بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىسلامىي كىملىك مىللىي كىملىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ئۆز مىللىتىنى دەپ باشقا مۇسۇلمانلارنى يەكلىمەيدۇ، يامان

---

[1] ئىمام ئىبنى ماجەنىڭ «سنن ابن ماجه» ناملىق ھەدىس توپلىمى«كِتَابُ الزُّهْدِ» 2 ـ توم، 1395 ـ بەت، 4169 ـ ھەدىس. ئىمام تىرمىزىنىڭ « سنن الترمذي » ناملىق ھەدىس توپلىمى «أَبْوَابُ الْعِلْمِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ», 4 ـ توم، 348 ـ بەت، 2687 ـ ھەدىس.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى.

كۆرمەيدۇ ۋە سۆكمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئەرەب ۋە ئەجەمدىن تەشكىل تاپقان مۇسۇلمانلاردىن بىر ئۇممەت ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆز قەۋمىگە ۋە ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن مەنئى قىلىنمىغان. شۇڭا ئۇلار بىلال ھەبەشىي، سەلمان فارسىي، ئەبۇ زەر غىفارىي دېگەندەك ئۆز مىللىتىگە ۋە ئۆز قەبىلىسىگە مەنسۇپ قىلىنغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى شەخسىي مۇناسىۋەتتىن ھالقىغان، تەقۋالىق، ئەخلاق-پەزىلەت، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە چېكىگە يەتكەن مېھرىبانلىقنى ئاساس قىلغان ئەڭ مۇستەھكەم بىر مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

## مۇسۇلمانلارنى پىكىر ياكى مەزھەپ ئايرىمچىلىقى سەۋەبلىك چەتكە قاقماسلىق

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى قوغداش پەرز. بىرلىك، ئىناقلىق كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسىدۇر. چۈنكى، دىنىمىز بىزنى ئۆزئارا بىرلىشىشكە بۇيرۇيدۇ.

مۇسۇلمانلار ھازىرقى زاماندا كۈچ - قۇۋۋەتكە باشقا ھەممە ئەسىرلەردىكىدىن بەكرەك موھتاجدۇر. مۇسۇلمانلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ پىكىر ياكى مەزھەپ ئايرىمچىلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى چەتكە قېقىشقا، باشقىچە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ھەتتا بىدئەت (دىندا بولمىغان ئىشلار) نى سادىر قىلىدىغان، گۇناھ - مەئسىيەت ئىشلەيدىغان، ئەمما ئېتىقادى دۇرۇس بىر ئادەم نامازغا ئىمام بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق ياخشى ۋە

گۇناھكار ئادەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېرىڭلار»[1] دېيىش ئارقىلىق مۇ-سۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى، ئىناقلىقىنى قوغداشنىڭ زۆرۈر-لۈكىنى بايان قىلغان.

## مۇسۇلمان بولمىسىمۇ تىنچلىقپەرۋەر كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلماسلىق

**مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگىمۇ ياخشى، ئادالەتلىك ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇڭا باشقا دىندىكى كىشىلەرنى ياكى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ.**

بارلىق مۇئامىلە تۈرلىرىدە ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەقسىزلىق قىلماستىن، توغرا ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن قولدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ئىنسانىي ياردەم قىلىش لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە بىزگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «باشقا دىندىكىلەردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ»[2].

مۇسۇلمانلار شۇنى ئايرىۋېلىشى كېرەككى، مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى سانالمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك دۈشمەنلىك قىلىش ياكى ئايرىم مۇئامىلىدە بولۇش توغرا ئەمەس.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] مۇمتەھىنە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

## مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياردەم قىلىش

دىنىمىز ھەرقانداق جان ئىگىسىگە ياردەم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنى بارلىكى نەرسىگە ياخشىلىق قىلغان ئادەم ساۋاب تاپىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.[1] بۇ ھەدىس مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگىمۇ ياخشىلىق قىلساساۋاب بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ بىرلا شەرتى بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، ئۇلارغا ياكى ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان ياۋۇز دۈشمەنلەردىن بولماسلىقىدۇر.

## مۇسۇلمانلار يامان كۆرۈشكە تېگىشلىك كىشىلەر

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە ياكى دىنىي ئېتىقادىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنى، ئۆزلىرىگە ئۇرۇش ئاچقانلارنى، ئىسلامنى، قۇرئان كەرىمنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەسلىكى، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇلارنى ئالالاھنىڭ دۈشمەنلىرى دەپ بىلىشى لازىم. ﴿ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشتا ياردەملەشكەنلەرنى ياخشى كۆرۈشۈڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ. كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر﴾[2].

## جىھاد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

جىھاد- زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئىككى تۈرلۈك تىرىشچانلىق بولۇپ، بىرى، نەپسى شەيتاننى

[1] ئىمام بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] مۇمتەھىنە سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

يېڭىپ، گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى داۋاملاشتۇرۇش، يەنە بىرى، قەلەم ۋە قورال بىلەن كۈرەش قىلىشتۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلماننىڭ نەپسى شەيتانغا ۋە دۈشمەنگە قارشى قىلغان ھەربىر ئىشى جىھادتۇر. غازات جىھادنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر

## جىھادنىڭ شەكىللىرى

جىھاد ئىلىم، پۇل-مال ۋە جان بىلەن قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى جاننى پىدا قىلىپ ئاللاھ يولىدا غازات قىلىشتۇر

## قوراللىق جىھادقا بۇيرۇلۇشنىڭ سەۋەبى

دىنىمىزدا قوراللىق جىھاد قىلىش مۇنۇ سەۋەبلەردىن بولىدۇ:

1. زۇلۇمغا ۋە ھەر تۈرلۈك ھەقسىزلىكلەرگە قارشى تۇرۇش
2. باشقىلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن تارتىپ ئېلىنغان ھەق-ھوقۇقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش.
3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدىكى توسقۇنلۇقلارنى ئېلىپ تاشلاش.
4. تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۈرۈش. «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى»[1].

«جىھاد» سۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مەنىسى

---

[1] ھەج سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

1. ئاللاھ يولىدا قولغا قورال ئېلىپ غازات قىلىش. «مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ»[1].

2. ھەقىقەتنى جاكارلاپ سۆز بىلەن كۈرەش قىلىش. «قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن»[2].

3. ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. «كىمكى (ياخشى ئەمەللەرنى ئورۇنداش يولىدا) تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بۇ تىرىشچانلىقى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر»[3].

---

[1] نىسا سۈرىسى 95 ـ ئايەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

[3] ئەنكەبۇت سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

# بىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز

## قائىدە- يوسۇن ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

**قائىدە- يوسۇن بىر مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا تارىختىن بۇيان ئۈزلۈكسىز بېيىپ، تاكامۇللىشىپ كېلىۋاتقان، شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت -سەنئىتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇ مىللەت ئەزالىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان، بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان ئۆلگىلىك ھەرىكەت يوسۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە ئەنە شۇ قائىدە-يوسۇن ئىچىدە ياشايدۇ[1].**

### ئۇيغۇرلاردا قائىدە-يوسۇن

ئۇيغۇرلاردىكى قائىدە-يوسۇنلار ئىسلام تەلىماتى بىلەن مىللىي ئۆرپ- ئادەتنىڭ بىرلەشمىسى بولۇپ، خەلقىمىز ئۇزۇن يىللىق تارىخدا بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ كەلگەن.

[1] يارمۇھەممەد تاھىرنىڭ «قائىدە-يوسۇنلىرىمىز» ناملىق ئەسىرى، 5-6- بەتلەر.

## قائىدە-يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك

قائىدە -يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلىش ئەيىبلىنىدۇ. چۈنكى، قائىدە-يوسۇنلار تەربىيەلىنىشنىڭ يولى، ئادەمنى تۈرلۈك خاتالىقلاردىن ۋە ئەيىبلىنىشلەردىن قوغدايدىغان قالقاندۇر.

خەلقىمىز قائىدە-يوسۇننى تەلىم-تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار قائىدە- يوسۇنلۇق ئادەمنى تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم دەپ قارىسا، قائىدە-يوسۇن بىلمەيدىغان ئادەمنى تەربىيە كۆرمىگەن، قارا قورساق ئادەم دەپ قارايدۇ. قائىدە-يوسۇنلار يېزىلمىغان قانۇن بولۇپ، شۇڭا ئۇلارغا ئەمەل قىلىش مۇھىم.

## بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇرۇش

ئاخشىمى بالدۇر يېتىپ، ئەتىگەن سەھەر تۇرۇش دىنىمىزنىڭ ئەمرى ۋە خەلقىمىزدىكى مىللىي ئەنئەنە بولۇپ، تەن ساقلىقنى ساقلاش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ئاخشىمى بۇرۇن يېتىپ، سەھەر تۇرۇش ئاللاھ تائالا بېكىتكەن تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇپ، ﴿وَهُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ لِبَاسًا وَالنَّوْمَ سُبَاتًا وَجَعَلَ النَّهَارَ نُشُورًا﴾ «ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى يېپىنچا، ئۇيقۇنى راھەت، كۈندۈزنى (تىرىكچىلىك ئۈچۈن) تارقىلىدىغان ۋاقىت قىلغان زاتتۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغانلار تەن ساقلىقنى ساقلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى

---

[1] فۇرقان سۈرىسى: 47 ـ ئايەت.

سىۈرۈش، بەرىكەت تېپىش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردىن پايدا تاپىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش، تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىش، بەرىكەتتىن مەھرۇم قېلىش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە زىيان تارتىدۇ.

2002-يىلى ئامېرىكىنىڭ ئارىزونا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن (Sciense) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر ئىلمىي تەتقىقاتتا مۇنداق دېيىلگەن: «قاراڭغۇدا ئۇخلاش تەن ساقلىقى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. تەتقىقاتچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بەدەن قاراڭغۇدا مېلاتونىن دەپ ئاتىلىدىغان ھورمۇننى چىقىرىدىكەن. بۇ ھورمۇن كۆكرەك ۋە مەزى بېزى راكلىرىدىن ساقلاش رولىنى ئوينايدىكەن. تەتقىقاتلار يەنە مېلاتونىن دېگەن ھورمۇننىڭ راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئەمما يورۇقتا بۇ خىزمەتنى ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى»[1].

## خانىم-قىزلارنىڭ كىيىنىشى

**مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنىڭ بېشىنى، چېچىنى، بويىنىنى، قۇلاقلىرىنى ۋە بۇ جايلاردىكى زىننەتلىرىنى يۆگەپ، ئۇزۇن ۋە ئازادە كىيىنىپ يۈرۈشى ئىسلامىيەتنىڭ شوئارى، تەقۋالىقنىڭ كىيىمى، ئالىيجاناپلىقنىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت - ئىززەتنىڭ نىشانىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ دەللىلىدۇر. مانا بۇ «ھىجاب» دەپ ئاتىلىدۇ**

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ھىجاب مۇسۇلمان ئاياللىرىنى تۈرلۈك زىيان-زەخمەتلەردىن ۋە گۇناھلاردىن قوغدىغاندەك، مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ ھايا، نومۇس ۋە ئىپپەت ئىچىدە

---

[1] «Sciense» ژۇرنىلى، 2002- يىللىق سانىدىن.

تېخىمۇ قەدىر-قىممەتلىك بولۇشىنى تەمىن ئېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خانىم-قىزلارنىڭ كىيىنىش قائىدىسى دىني ۋە مىللىي پرىنسىپلارغا ئاساسەن ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە بەلگىلەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن قىزلارنىڭ كىيىنىشى، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان چوكانلارنىڭ كىيىنىشى، ئوتتۇرا ياش ئاياللارنىڭ كىيىنىشى ۋە ياشانغانلارنىڭ كىيىنىشى دېگەندەك ھەر خىل شەكىلدىكى كىيىنىشلەر ئومۇملاشقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە سۈننەتكە ھەم مىللىي ئەنئەنىمىزگە تامامەن ئويغۇن كىيىنىشلەردۇر.

### ھىجابنىڭ ئۆلچىمى

ھىجابنىڭ ئۆلچىمى — چاچنى، ئىككى قۇلاقنى، بويۇننى، كۆكرەكنى زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ يۆگەش ۋە بەدەننى سۈپەتلەپ بەرمەيدىغان شەكىلدە ئۇزۇن ۋە ئازادە كىيىنىشتۇر.

### خانىم-قىزلارنىڭ سىرتقا چىقىشتىكى ئەدەپ-قائىدىلىرى

خانىم-قىزلارنىڭ سىرتقا چىققاندا بېشىنى، قۇلاقلىرىنى، بويىنىنى ۋە كۆكرىكىنى يۆگەپ، ئۇزۇن ۋە ئازادە كىيىملەرنى كىيىپ چىقىشى، يات ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققانلىرىدا بولسۇن ياكى ئۆي ئىچىدە بولسۇن، نامەھرەم ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقىنى ۋە زىننەتلىرىنى ئۇلارغا ئاشكارا قىلماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ

أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾ «مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى (هارامدىن) ساقلىسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن (يەنى باشلىرىغا سالغان رومال بىلەن باشلىرىنى، چاچلىرىنى، قۇلاقلىرىنى ۋە كۆكرەكلىرىنى ئوراپ، ياتلاردىن يوشۇرسۇن)»[1].

## تۇغقاندارچىلىق

ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىش، ئۇلارنىڭ هال-ئەھۋاللىرىنى سوراش، ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇش، چاقىرسا قەدەم تەشرىپ قىلىش، مەسلىھەت سورىسا يول كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چوڭلىرىڭلاردىن ئۇرۇق- تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىنىڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

### تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش قوش ساۋابلىق ئەمەلدۇر

ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشتا ئىككى ھەسسە ساۋاب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پېقىرلارغا قىلغان خەير ـ ساخاۋەت سەدىقىدۇر، ئەمما ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئىچىدىكى پېقىرلارغا قىلغان خەير ـ

[1] نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزىي رىۋايىتى

ساخاۋەت ھەم سەدىقە ھەم تۇغقاندارچىلىقتۇر»[1].

بۇھەدىستىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يات كىشىلەرگە قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابىدىن كۆپتۇر. زاكاتنىمۇ ئاۋۋال پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، ئاندىن باشقا مۇسۇلمانلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر.

## قوشنىدارچىلىق

قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى بەكمۇ چوڭدۇر. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۆئمىن ئەمەس»[2] دېگەن

ئىسلام تارىخىدىكى ئۈلگىلىك زاتلار بىرەر كىشىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ قوشنىدارچىلىقىغا قاراپ باھالايتتى. ئۇلار ئاۋۋال قوشنىلىرىدىن ئۇ كىشى ھەققىدە سورايتتى، قوشنىلىرى ئۇنى ياخشى ئائىلە دەپ تەرىپلىسە، ئۇنىڭغا دىيانەتلىك، ياخشى ئائىلە دەپ باھا بېرەتتى. ئەگەر قوشنىلىرى ئۇنىڭدىن زارلانسا، ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن شىكايەت قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن قودا بولۇش، قوشنا بولۇش ۋە مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن ۋاز كېچەتتى. بىزنىڭ مىللىتىمىزدىمۇ بۇ ئادەت بار. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «قوشنىسىغا قاراپ ئۆيى ئال»

[1] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

[2] تەبەرانىي رىۋايىتى. ئەلبانىي «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس.

دېگەن ھېكمەتنى بىكارغا ئېيتمىغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىل ماڭا قوشنىلار توغرۇلۇق بەك كۆپ تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا قوشنىلارنى بىر-بىرىگە مىراسخور قىلىپ قويامدىغاندۇ، دەپ قالدىم»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «قوشنىلىرىغا ئازار بېرىدىغان ئادەم مۇئمىن بولالمايدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قوشنىسىنى ھۆرمەتلىسۇن!»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

## قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى

**قوشنىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش، ئۇچراشقاندا ئىللىق سالام بېرىش، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا يېقىندىن ياردەملىشىش، ئۆيدە ئۇرۇش-جېدەل، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ قوشنىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق، ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم**

قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كاپىر قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىرلا ھەق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، قوشنىدارچىلىق ھەققى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىككى ھەق بولۇپ: ئۇنىڭ بىرى، قوشنىدارچىلىق ھەققى؛ يەنە

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق-تۇغقان قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئۈچ ھەق بولۇپ: ئۇلارنىڭ بىرى، قوشنىدارلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق ھەققىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن (يەنى ئۆيى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەڭ يېقىن بولغان) قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك تۆت ھەق بولۇپ: ئۇلارنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، تۇغقانلىق ھەققى؛ ئۈچىنچىسى، قوشنىدار-چىلىق ھەققى؛ تۆتىنچىسى، يېقىن قوشنىلىق ھەققىدۇر. يېقىن قوشنا يىراق قوشنىسىدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر.

دەرھال ياردىمىڭىزگە ئۈلگۈرىدىغان، باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرۈپ كۆيۈنىدىغان، سىزنى دائىم ئويلايدىغان ۋە سىزنى يالغۇز قويمايدىغان كىشى ئەلۋەتتە سىزنىڭ يېقىن قوشنىڭىزدۇر. شۇڭا قوشنا بولغاندىمۇ، يېقىن قوشنا بولغانلىقىنىڭ ھەققى ئالاھىدە ئايرىم بىر ھەق بولۇپ بېكىتىلگەن. ئەجدادلىرىمىزمۇ «يىراقتىكى تۇغقىنىڭدىن يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى» دەپ بىكارئېيتمىغان.

## قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش

**ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە سىلىق، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشى، زۇلۇم ۋە چوڭچىلىق قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «قول ئاستىڭلاردا بولغانلار سىلەرنىڭ دىنىي

قېرىندىشىڭلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا خىزمەتكار قىلدى. سىلەر نېمە يېسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇنىڭدىن يېگۈزۈڭلار، نېمە كىيسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇنداق كىيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماڭلار»[1].

## كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر

**كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتە ئىشىكنى قېقىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىش ۋە ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئىشىك قاقماسلىق بىزدىكى ئىسلامىي ۋە مىللىي ئەنئەنىدۇر.**

بىر قېتىم ئىشىكنى قېقىشتا ئاچمىسا، ئۈچ قېتىم قېقىش كېرەك. چۈنكى، بىرىنچى قېتىملىق قېقىشتا ئاڭلىماي قالغان بولسا، ئىككىنچى قېتىملىق قېقىشتا ئاڭلايدۇ. ئىشىكنى ئېچىشنى خالىغان كىشى ئۈچىنچى قېتىملىق قېقىشتا ئاچىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق قېقىشتىمۇ ئاچمىسا، ئۆي ئىگىسى ئۆيدە يوق ياكى ئېچىشنى خالىمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۈچ قېتىم قېقىشتا ئىشىكنى ئاچمىسا قايتىپ كېتىش لازىم.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (بۇ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

تەۋسىيە قىلىندى)»[1].

## ئائىلە ئولتۇراق رايونىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى

**بىنانىڭ ۋە قورۇنىڭ تازىلىقىغا، مۈلكىنىڭ ساقلىنىشىغا، مۇھىتنىڭ ساپلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئائىلىدىكى سۇ، توك، گاز قاتارلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىش[2]، ئەخلەت ۋە ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى كۆرگەنلا يەرگە ئاتماي، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاش، ئىشىك ئالدىغا ئەخلەت تۆپلىماسلىق، قوشنىلارنى بىئارام قىلماسلىق لازىم.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىمانىنىڭ يېرىمىدۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاكىزلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارغا تازىلىقنى، پاكىزلىقنى پەرز قىلغان ۋە كۆپلىگەن ئىبادەتلەر ئۈچۈن پاكىزلىقنى شەرت قىلغان.

ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ۋە پاكىزلىققا بۇيرۇشىدا ئىنسانىنىڭ تەن ساقلىقىغا ۋە روھىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولغان نۇرغۇنلىغان ئالىي مەقسەتلەر بار.

## لىفتتا چىقىشنىڭ قائىدىسى

**قورۇنىڭ لىفتى بولسۇن ياكى ماگىزىنلارنىڭ ۋە ئىدارە-ئورگانلارنىڭ لىفتى بولسۇن، چىقىش-چۈشۈشتە ئەدەپلىك**

---

[1] نۇر سۈرىسى: 27 ـ ئايەت.

[2] يارمۇھەممەد تاھىرنىڭ «قائىدە-يوسۇنلىرىمىز» ناملىق ئەسىرى، 262 ـ بەت.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

**بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. لىفتقا چىققاندا باشقىلارغا، بولۇپمۇ چوڭلارغا يول بېرىپ، «قېنى مەرھەمەت، ئاۋۋال سىز چىقىڭ» دېگەنگە ئوخشاش يۇمشاق سۆزلەرنى قىلىش، لىفتتىن چۈشكەندىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم[1].**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىچىكلەرنى ئايىمىغان ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلىمىگەنلەر بىزدىن ئەمەس»[2] دەپ كۆرسەتكەن. چوڭلارنى ھۆرمەتلەش بىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ئەخلاقىمىزدۇر.

بۇ تۈردىكى ئەدەپ-قائىدىلەر ھەربىر مۇسۇلماننىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زاماندا دىنىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەمەلىيىتىمىز بىلەن نامايان قىلىشقا ھەممىدىن بەك موھتاجمىز.

## مەكتەپ ۋە ئىش ئورنىدىكى ئەدەپ-قائىدىلەر

**ساۋاقداشلارغا، خىزمەتداشلارغا ۋە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ھەربىر كىشىگە ئەدەپلىك، سەممىي ۋە مۇلايىم بولۇشىمىز، ئۇستازلارغا، ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ**

ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ، خۇشاللىق بىلەن قايتىش ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى، بىز مەكتەپتە، ئىش ئورنىمىزدا، يولدا تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ تۇرىمىز. بۇنداق ۋاقىتتا بىز پەقەت گۈزەل ئەخلاقىمىز ۋە قائىدە- يوسۇنلىرىمىزنىڭ قورغىنى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى زىيان-زەخمەتتىن ۋە كۆڭۈلسىزلىكتىن ساقلاپ

[1] يارمۇھەممەد تاھىرنىڭ «قائىدە-يوسۇنلىرىمىز» ناملىق ئەسىرى، 264 ـ بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

قالالايمىز.

## قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇش قائىدىسى

ئاپتوبۇسقا چىققاندا بولسۇن، مېتروغا چىققاندا بولسۇن، پويىزغا چىققاندا بولسۇن، ئايروپىلانغا چىققاندا بولسۇن، نۆۋەتىمىز بىلەن چىقىش، ئالدىراپ كەتمەسلىك، چوڭلارغا، ئاياللارغا ۋە كىچىكلەرگە يول بېرىش، قولىدا ئېغىر نەرسىلىرى بار كىشىلەرگە ياردەملىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا چىقىش، ئولتۇرۇش ۋە چۈشۈش ھەربىر ئىنساننىڭ پەزىلىتىنى، ئەدەپ-ئەخلاقتىن بولغان نېسىۋىسىنى سىنايدىغان سەھنىدۇر[1].

### ئاپتوموبىللىق يۈرۈش ئەخلاقى

قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش، تۆۋەن سۈرئەتلىك يوللاردا، مەھەللىلەردە تېز سۈرئەتتە ماڭماسلىق، ئاپتوموبىل ھەيدەۋېتىپ تېلېفوندا سۆزلەشمەسلىك، ياندىكىلەر بىلەن ئۆزىنى ئۆتتۈپ پاراڭلاشماسلىق، ئاپتوموبىلنى قالايمىقان جايغا، باشقا ئاپتوموبىللار ئۆتىدىغان يوللارغا توختاتماسلىق ۋە ئاپتوموبىل ھەيدەشنىڭ زوق ۋە ئەدەپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق لازىم.

زامانىمىزدىكى قاتناش قوراللىرى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً ۚ وَيَخْلُقُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾

«ئاللاھ ئاتنى، قېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار

---

[1] يارمۇھەممەد تاھىرنىڭ «قائىدە-يوسۇنلىرىمىز» ناملىق ئەسىرى، 269 - بەت.

ئۇچۇن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ»[1].

## مەسجىدلەردىكى ئەدەپ-قائىدىلەر

**مەسجىدلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جايلارغا چىرايلىق كىيىنىپ بېرىش، كىرىشتىن بۇرۇن ئاياقلارنى رەتلىك تىزىپ قويۇپ، سالماق قەدەم بىلەن كىرىش، جامائەت بولسۇن ياكى بولمىسۇن سالام بېرىش ۋە ئولتۇرماستىن ئىككى رەكئەت تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇش ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ**

مەسجىدلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىش ئورنى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى. شۇڭا مەسجىدلەرگە تاھارەتسىز كىرىلمەيدۇ. مەسجىدكە كىرگەندە، ناماز باشلانغۇچىلىك قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋە چوڭ ـ كىچىك ھەر قانداق گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبىنى يېڭىلاش كېرەك.

ئاللاھ تائالا: ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ﴾ «ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا چىرايلىق كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

## رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ئەدەپ-قائىدىلەر

### سالاملىشىش

**ئۇچراشقاندا بىر – بىرىگە سالام بېرىش ئىسلامىي گۈزەل**

---

[1] نەھل سۈرىسى: 8 ـ ئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

**ئەخلاق ۋە مىللىي ئەنئەنىدۇر. مۇسۇلمانلارغا سالام بېرىش ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. سالاملىشىش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر – مۇھەببەتنى ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلىرى ئالتە بولۇپ، ئۇلار: ئۇچراشقاندا سالام بېرىش، چاقىرسا بېرىش، نەسىھەت سورىسا نەسىھەت قىلىش، چۈشكۈرسە «ئەلھەمدۇ لىللاھ»دېيىش، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، ئۆلۈپ كەتسە نامىزىغا بېرىش»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر مۇئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر – بىرىڭلارنى سۆيمىگۈچە مۇئمىن بولالمايسىلەر. سىلەرگە بىر-بىرىڭلارنى سۆيىدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇنداقتا، ئاراڭلاردا سالاملىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار»[2].

سالاملىشىش پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىل ئەنئەنە سانىلىدىغان، ھېچقانداق چىقىم تەلەپ قىلمايدىغان، ئۆزى ئاسان، پايدىسى ئىنتايىن مول بىر ياخشى ئىشتۇر.

## ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىشنىڭ ئۆزگىچىلىكى

بىز ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىش بەزىدە قول ئېلىشىپ، بەزىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش يولى بىلەن بولىدۇ. دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلار ئارىسىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش قىسقارتىلىدۇ. قۇچاقلىشىش تېخىمۇ قىسقارتىلىدۇ. بەزىلەر بىر تەرەپتىن سالاملىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوڭ قولىنى

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

كۆكرەككە قويىدۇ. بۇ سالامنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققانلىقىنى، چىن دىلىدىن ئامانلىق تىلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر ئوڭ قولىنى بىرىپ كۆرۈشۈپ، سول قولىنى قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ بىلىكىگە قويىدۇ. بۇ بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ۋە سالاملاشقۇچىلارنىڭ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## سالاملىشىشنىڭ قائىدىسى

**سالام بېرىش سۈننەت، ئۇنى قايتۇرۇش پەرزدۇر. سالامنى قايتۇرماسلىق دىنىي ۋە مىللىي قائىدە - يوسۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.**

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا حُيِّيتُمْ بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّوا بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا﴾ «سىلەرگە بىراۋ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار»[1]. ئايەتتىكى، تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىش «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يەنى (ئاللاھنىڭ ئامانلىقى سىلەرگە بولسۇن)» دەپ سالام بەرگەن كىشىگە: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ» يەنى (ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن) دەپ جاۋاب قايتۇرۇش، سالامنى ئەينەن قايتۇرۇش دېگەنلىك: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» يەنى(سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن) دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتۇر.

سالام بەرگۈچى گەرچە يالغۇز بىرلا كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ سالىمىنى قايتۇرۇشتا «ئەلەيكۇم»يەنى(سىلەرگە...) دەپ قايتۇرۇلىدۇ. چۈنكى قارشى تەرەپ «كۆپچىلىك»نىڭ ۋەكىلى

---

[1] نىسا سۈرىسى: 86 ـ ئايەت.

دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە بىرلىك ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

### سالام بېرىش تەرتىپى

سالام بېرىشتە كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئاز كىشىلەر كۆپ كىشىلەرگە ۋە قاتناش ئۈستىدىكىلەر پىيادىلەرگە سالام بېرىدۇ. شۇنداقلا ئەرلەر ئاياللارغا، مېھمان ساھىبخانغا سالام بېرىدۇ.

## ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى قائىدە-يوسۇنلار

دۇنيادا ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە - يوسۇنى بولغاندەك، ئىجتىمائىي تاراتقۇنىڭمۇ قائىدە-يوسۇنلىرى بار. تورنى جايىدا ۋە توغرا ئىشلىتىش، نامازنى، دەرسنى ۋە كۈندىلىك ئىشلارنى كېچىكتۈرۈپ قويماسلىق، تورنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىپ، يامان ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىك ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى قائىدە-يوسۇنلاردىن سانىلىدۇ.

### تور ئەخلاقى

تور ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى توغرا ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا دىنىمىزغا، ئەخلاقىمىزغا ۋە مىللىي مەنىۋىئە-تىمىزگە پايدىلىق يازمىلارنى ۋە سىنلارنى تارقىتىش، قوللاپ «يۇرەك» بېرىش، يالغان، ياۋىداق ئۇچۇرلارنى، غەيۋەت-خۇسۇمەتلەرنى ۋە پىتنە-پاساتلارنى تارقاتماسلىق، تور ئارقىلىق باشقىلارغا زەربە بەرمەسلىك، يامان گەپ-سۆزلەرنى قىلماسلىق ھەربىر مۇسۇلماننىڭ تور ئەخلاقىدۇر.

قورامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ توردىكى ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ، مەنىۋى جەھەتتىن زەھەرلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى توردىكى ساختا ئويۇنلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىشتىن قوغداش لازىم[1].

## يانفون ئىشلىتىشكە چەك قويۇش

**جايناماز‌غا بارغاندا، كىتاب ئوقۇغاندا، ئۆگىنىش قىلغاندا، تاماق ئۇستىلىگە ئولتۇرغاندا، ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا يانفوننى ئۆزىمىزدىن يىراق قىلىش، ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا يانفونغا قارىماسلىق، ھەتتا يانفوندىن يىراقلىشىش مەشقىنى ئېلىپ بېرىش ناھايىتى مۇھىمدۇر.**

### يانفوندىن يىراقلىشىش مەشقى

20 ياكى 21 كۈن بويىچە، ھەر كۈنى 24 سائەت يانفوندىن تامامەن يىراقلىشىش تەجرىبىسىنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. بۇ سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ قانچىلىك كۈچلەنگەنلىكىنى ۋە يانفوندىن يىراق تۇرۇشتا قانچىلىك غەلىبە قىلغانلىقىڭىزنى سىناش ئۈچۈندۇر. بۇ مەشىقتىن مەقسەت تالانتىڭ ئۆزىنى ئىسپاتلىشىغا يول قويۇش ۋە تەبىئىي ھاياتقا قايتىشتۇر. سىزنىڭ كۈنلۈك 24 سائىتىڭىز كۈندىلىك ئىبادەتلىرىڭىزنى ئورۇنداش، تىرىكچىلىك قىلىش ياكى ئوقۇش، ئارام ئېلىش، تائاملىنىش، كىتاب ياكى گېزىت ئوقۇش، تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن مېڭىش، چېنىقىش، ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىتتۇر.

يەنە بۇنىڭدىن باشقا سىز قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار. ئەگەر سىز شۇ ئىشلارنى قىلالىسىڭىز يانفونغا

---

[1] يارمۇھەممەد تاھىرنىڭ «قائىدە-يوسۇنلىرىمىز» ناملىق ئەسىرى، 274- بەت.

قاراپ ئولتۇرۇپ ۋاقىت زايە قىلغاندىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ئىش قىلغان بولىسىز. چۈنكى، سىز ئىجتىمائىي تاراتقۇلار بىلەن ياكى پەرۋاسىز ھالدا يانفونغا قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن زايە قىلىۋەتكەن ۋاقىت پايدىلىق بىرەر نەرسىنى ئۆگىنىش-ۋېلىشقا ياكى بىرەر يېڭىلىقنى بايقاشقا يېتىدىغان ۋاقىتتۇر. ھېچبولمىغاندا، يانفونغا ئىسراپ قىلغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇزۇن مۇساپىگە ماڭغىلى، بىرەر دوستتىن ياكى تۇغقاندىن ھال سورىغىلى، ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان كىتابنى ئوقۇپ مەنپەئەت ئالغىلى، بىرەر گۇرۇپپىغا قاتنىشىپ ياخشى پائالىيەت ئېلىپ بارغىلى، دوستلار ياكى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەن سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق، ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك ئىشلار بولۇپ، بىزنى ھەممىدىن بەك بەختلىك قىلىشقا، تېنىمىزنى ساق، روھىمىزنى ساغلام تۇتۇشىمىزغا يېتەرلىكتۇر.

## تېلېفون ئالاقىسىدىكى قائىدە-يوسۇنلار

**تېلېفون بېرىش ۋە تېلېفون قوبۇل قىلىشتا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سالام بىلەن گەپ باشلاش، تېلېفون بەرگۈچى قارشى تەرەپ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسمىنى مەلۇم قىلىپ بولۇپ، ئاندىن مەقسەتنى ئېيتىش، تېلېفوندا ۋارقىراپ گەپ قىلماي، سىلىق ۋە ئەدەپلىك سۆزلەش تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.**

مەسجىدكە كىرگەندە، يىغىن زالىدا، كېسەلخانىلاردا ۋە مېھمانلىقتا يېنىمىزدا يانفونىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈپ قويۇش، تاماق يەيدىغان چاغدا يانفوننى تاماق ئۈستىلىدىن يىراق

قىلىش تىلىغون ئالاقىسىدىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## كىيىم-كېچەكلەرنى يوقلاشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر

**كېسەللەرنى يوقلاش كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشقا، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە ئۆزئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ساۋابلىق ئەمەلدۇر.**

كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ پەزىلىتى ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىش، يېتىملەرنىڭ باشلىرىنى سىلاشتەك ساۋابلىق ۋە ياخشى ئىشتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىڭلار، كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىنسان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى كېسەللەر ئازغىنا سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن شىپاسىنى تاپىدۇ، بەزى كېسەللەر ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ كۆپ ئىقتىساد سەرپ قىلىپ داۋالىتىش بىلەنمۇ شىپا تاپالماي بۇ ئالەمدىن ئايرىلىدۇ. شۇڭا ئىنسان كېسەللەرنى يوقلاپ بارغاندا، كېسەل بولغان كىشىنىڭ ناھايىتى ئاجىز ھالىتىنى ئۆزىنىڭ ساق-سالامەت ھالىتىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەن ساقلىقنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تېنى ساق ۋاقتىدا خەلقىگە ۋە ۋەتىنىگە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىۋېلىشقا ئالدىرىشى لازىم.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كېسەللەرنى يوقلاشقا سوۋغا ئېلىپ بېرىشنى شەرت قىلىۋېلىش ياكى كېسەل بولغۇچى ئادەم بىر نەرسە ئالماي كەلگەن ئادەمدىن رەنجىپ قېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئەقىللىق ئادەم قېرىندىشى بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچراشقاننىڭ ئۆزىنىمۇ كاتتا نېمەت دەپ بىلىدۇ.

## كېسەل يوقلاشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار

**كېسەلنى يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇۋېلىشتىن، تولا گەپ قىلىپ كېسەلنى بىزار قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش ۋە ئۇنىڭ كۆڭلى تەسەللى تاپىدىغان ياخشى سۆزلەرنى قىلىش لازىم**

كېسەللەرنى يوقلاپ كىرگەن ئادەم كېسەل كىشىنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى سورىماسلىقى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كېسەل كىشىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چۈشۈرۈۋېتىشكە سەۋەب بولىدۇ. بەزى كىشىلەر نادانلىقتىن كېسەل بولغۇچىنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى سورايدۇ. كېسەل بولغۇچى كېسەلنى ئېيتىپ بەرسە، ئۇلار: «پالانى ئادەم مۇشۇنداق كېسەل بىلەن ئۇزۇن يېتىپ قېلىپ، ئاخىرى ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن» دېگەندەك ئازابلىق سۆزلەرنى كېسەلنىڭ يۈزىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا روھىي ئازاب بولىدىغان ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا، كېسەل ئادەمنىڭ يېنىدا مۇسىبەتلىك خەۋەرلەرنى ۋە ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئېيتماسلىق لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كېسەل كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئازابلايدۇ.

## مۇسۇلمان ئەمەس كېسەللەرنىمۇ يوقلاش ساۋابلىقتۇر

**مۇسۇلمان ئەمەس ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا،**

**خىزمەتداش ۋە يار-بۇرادەرلەردىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلارنى باشقا دىندا دەپ تاشلىۋەتمەي يوقلاش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يەھۇدىي بالىنىڭ كېسەللىكىنى يوقلاپ بارغان. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان قوشنىنى گەرچە ئۇ باشقا دىندا بولسىمۇ يوقلاش زۆرۈر. چۈنكى بۇ مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى قوشنىدارلىق ھەققىدۇر.

## سورۇن ۋە سورۇنداشلىقنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

**سورۇنغا كەلگەن كىشىلەر ئۆز ئارىسىدىكى بىلىمى يۇقىرى ۋە يېشى چوڭ كىشىلەرنى ئاۋۋال سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن شۇ بويىچە كىرىش ئىسلامىي ئەخلاق ۋە مىللىي ئەنئەنىدۇر.**

ئىنسانلار ھاياتلا بولىدىكەن، ئۆزئارا بىر – بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا ھەم توپلىشىپ ياشاشقا موھتاج بولىدۇ. قۇرئان كەرىم بىزگە سورۇن ۋە سورۇنداشلىقنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قِيلَ لَكُمْ تَفَسَّحُوا فِي الْمَجَالِسِ فَافْسَحُوا يَفْسَحِ اللَّهُ لَكُمْ وَإِذَا قِيلَ انْشُزُوا فَانْشُزُوا﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سورۇنلاردا سىلەرگە: ‹ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار› دېيىلسە، سىلەر دەرھال ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگىمۇ كەڭ ئورۇن بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە: ‹ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار› دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار»[1].

---

[1] مۇجادەلە سۈرىسى: 11- ئايەت.

## سورۇندا جاي تالاشماسلىق

**سورۇنغا كىچىكىپ كەلگەن ئادەم كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سورۇنداشلارنى قوزغاپ قويماسلىقى ئۈچۈن، قەيەردە ئورۇن تېپىلسا شۇ يەردە ئولتۇرۇشى لازىم. مەيلى سورۇنغا كەلگەن بولسۇن، مەيلى مەسجىدكە كەلگەن بولسۇن، كىشىلەرنىڭ مۈرىلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈش توغرا ئەمەس.**

شۇنداقلا سورۇنغا كەلگەن ئادەم سورۇنداشلارنى قىستاپ ئولتۇرماسلىقى ۋە كەڭ-كەتۇرى ئولتۇرۇپ بىر-بىرىگە راھەت بېغىشلىشى لازىم. ئەمما سورۇنغا بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرغان ئادەم بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن ياكى ھاجەت ئۈچۈن سورۇندىن چىقىپ كەتكەن بولسا، قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا ھوقۇقلۇقتۇر. بىر ھەدىستە: «سىلەردىن بىرىڭلار ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن يەنە ئورنىغا قايتىپ كەلسە، ئۇ شۇ ئورنىدا ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر» دەپ كەلگەن.

## چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق

**چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق، چاقىرىلغان ئادەمگە باشقا بىر ئادەم ئەگىشىپ بىللە بارماقچى بولغاندا، ئۇنى سورۇنغا باشلاپ بېرىش ياكى بارماسلىق توغرىسىدا ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش لازىم.**

چۈنكى چاقىرىلمىغان مېھمان رۇخسەتسىز سورۇنغا كىرگەندە، ساھىبخان ياكى شۇ كىشى ئۈچۈن ئوڭايسىزلىق تۇغۇلىشى ياكى سورۇننىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قېلىشى ئېھتىمال. شۇڭا چاقىرىلمىغان ئادەم

ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن سورۇنغا كىرمەسلىكى كېرەك. بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشىدۇر. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «چاقىرغان يەردىن قالماڭ، چاقىرمىغان يەرگە بارماڭ» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان.

## سورۇننىڭ ئەدەپلىرى

**ئۈچ ئادەم بار يەردە ئىككىسىنىڭ ئايرىم پىچىرلىشىشى ياكى ئۈچىنچى كىشى بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلىشىشى توغرا ئەمەس. ئەخلاقلىق كىشىلەر بۇنداق قىلمايدۇ.**

شۇنداقلا سورۇندا ئولتۇرغان ئادەم باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقى، غەيۋەت قىلغانلارغا نەسىھەت قىلىشى لازىم. سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئادەمنىڭ سورۇنداشلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئۇلارغا سالامەتچىلىك تىلەپ قايتىشى مۇھىم ئەدەپ-ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. سورۇندىن چىققان مېھماننى ساھىبخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇشى ئايرىم بىر ئەخلاقىي قائىدىدۇر.

## داستىخاندىكى ئەدەپ-قائىدىلەر

**داستىخاندا چوڭلاردىن بۇرۇن مەزىگە قول ئۇزاتماسلىق، يېيىشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھ» دېيىش، ئوڭ قول بىلەن يېيىش، بىر تاۋاقتىن ئورتاق يېگەندە ھەركىم ئۆز ئالدىدىن يېيىشى پەيغەمبىرىمىز ئۆگەتكەن ئەدەپ-ئەخلاقتۇر**

ئەدەپ-ئەخلاق ئىنسان بالىسى زىننەتلىنىدىغان ئەڭ ئېسىل كىيىم بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئولتۇرۇش-قوپۇش، يېيىش-ئىچىش، گەپ-سۆز قاتارلىق پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىدە

تەلەپ قىلىنىدۇ. دىنىمىز ئىنسانىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېيىش ۋە ئىچىشكە مۇناسىۋەتلىك قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىچىك بالا ئىدىم. داستىخاندا ئولتۇرسام قولۇم تاۋاقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە چېپىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا ‹ئەي ئوغۇل! تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ”بىسمىللاھ“ دېگىن، ئالدىڭدىن ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن يېگىن› دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇنداق بولۇپ كەلدى»[1]. بۇ ھەدىس داستىخاندىكى ئەدەپ-قائىدىلەر ئۈچۈن مۇھىم دەستۇردۇر.

## ئائىلە ھاياتىدىكى بىر يۈرۈش قائىدە-يوسۇنلار

ئىسلام دىنى جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى بولغان ئائىلىگە زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئائىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە-يوسۇنلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆيىڭىزگە كىرگەندە ۋە چىققاندا، ئىشىكنى قولىڭىز بىلەن سىلىق يېپىڭ. ھەرگىز قاتتىق ياپماڭ ياكى ئۇنى ئۆزلۈكىدىن قاتتىق يېپىلىشىغا قويۇپ بەرمەڭ. چۈنكى مۇنداق قىلىش سىز مەنسۇپ بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىغا ۋە مىللىي قائىدە-يوسۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يۇمشاقلىق قايسى نەرسىگە كىرسە، ئۇنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، ئۇ قايسى نەرسىدىن يۇلۇپ

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئېلىنسا، شۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

2. ئۆيىڭىزگە كىرگەندە ياكى چىققاندا، ئۆيدىكىلەرگە-مەيلى ئۇلار چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن-سالام بېرىشنى ئۇنتۇماڭ. مۇسۇلماننىڭ سالىمى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق ئېسىل بىر سالامنى قويۇپ «خەيرلىك ئەتىگەن» ياكى «ياخشىمۇ سىز؟»لارغا ئوخشاش مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ سۆزلىرىنى دورىماڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئىسلامىي سالام بېرىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەلىم بېرىپ: «ئى ئوغلۇم! ئۆيۈڭگە كىرگىنىڭدە، ئۆيدىكىلەرگە سالام بەرگىن. مۇنداق قىلىش سەن ۋە ئۆيۈڭدىكىلىرىڭ ئۈچۈن بەرىكەتلىك ئىشتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

3. ئۆيىڭىزگە كىرگىنىڭىزدە، ئۆي ئىچىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاياق تىۋىشىڭىز بىلەن ياكى گېلىڭىزنى قىرىش بىلەن ئۇلارغا كىرگەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ كىرىڭ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كېچىدە ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىشتىن ۋە ئائىلە-ئەزالىرىمىزنىڭ يېنىغا تۇيۇقسىز كىرىشتىن توسقان»[3].

4. ئۆيىڭىزدىكىلەردىن بىرەرى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولسىڭىز ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىڭ، ھەرگىز ئۇسۇپ كىرمەڭ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئانامنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈنمۇ رۇخسەت سورامدىمەن؟» دەپ سورىغاندا،

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

[2] تىرمىزى رىۋايىتى

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەلۋەتتە رۇخسەت سورايسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم :«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئانام بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەنغۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «شۇنداق بولساڭمۇ رۇخسەت سورىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. ئۇ ئادەم يەنە: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەمىشە ئانام بىلەن بىللىغۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاناڭنى يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرۈپ قېلىشنى ياقتۇرامسەن؟» دەيدۇ، ئۇ ئادەم:«ياق» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، ئاناڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت رۇخسەت سورىغىن»[1] دەيدۇ

5. بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققىنىڭىزدا، سىرتتا ئىشىكنى قېقىۋاتقان بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگۈچىلىك دەرىجىدە يۇمشاق ۋە سىلىق قېقىڭ. ھەرگىز ئىشىكنى قاتتىق قېقىپ، ئۆي ئىگىسىنى چۆچۈتىۋېتىدىغان قوپاللىقنى قىلماڭ. بىر كۈنى بىر ئايال ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىپ، ئەدەپسىزلىك قىلغاندا، ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا: «بۇ ساقچىلارنىڭ ئىشىك قېقىشى بولدىغۇ!» دېگەنىكەن.

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىنى ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن چېكەتتى.

بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ھەر بىر قېقىش ئارىلىقىدا، ئۆي ئىگىسىگە نامازدا بولسا، ئۇنىڭدىن بىكار بولغۇچىلىك، تائام ئۈستىدە بولسا، ئاغزىدىكى لوقمىسىنى ئالدىرىماستىن يۇتۇۋالغۇچىلىك پۇرسەت بېرىش كېرەك.

ئىشىكنى قېقىش ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق بولمايدۇ.

---

[1] ئىمام مالىك رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «رۇخسەت سوراش ئۈچ قېتىم بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ئىشىك ئېچىلمىسا قايتىپ كېتىش كېرەك»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

6. بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاقلاندا، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراۋالماستىن، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇش گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئىشىكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى، ئىشىككە يۈزىنى قىلىپ تۇرمايتتى»[2]. ئىشىكتىن كىرگەندە، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىش، ئىشىكتىن كىرگۈچە ئاياغلارنى قېقىپ، سۈرتۈپ، تازىلاپ كىرىش، ئۆينىڭ ئىچى پاياندار سېلىنغان بولسا ئۇنىڭغا ئاياغنى چىقىرىپ كىرىش لازىم.

7. بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاقلاندا، ئۆي ئىگىسىنىڭ «كىم» دېگەن سوئالىغا، «مەن» دەپ جاۋاب بەرمەستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئېيتىش لازىم. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىنى قاققىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : «كىم» دەپ سورىغان سوئالىغا «مەن» دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە: «مەن، مەن؟» دەپ ئىشىكنى ئاچتى»[3].

8. بىراۋنى ئالدىن خەۋەر بەرمەستىن زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، قايسىبىر ئۆزرىسى سەۋەبلىك سىزنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سىزدىن ئۆزرە سورىسا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭدىن رەنجىپ

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قالماستىن قايتىپ كېتىشىڭىز لازىم. ئەگەر زىيارىتىڭىزنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئاندىن خەۋەر قىلالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۆنىڭدىن ئۆزۈر سورىشىڭىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَإِنْ قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا هُوَ أَزْكَىٰ لَكُمْ﴾ «ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر»[1] دەيدۇ.

9. بىراۋ سىزنى ئۆيىگە باشلىغاندا، ئۆينىڭ ھەر تەرىپىگە سىنچىلاپ بېقىشتىن، ئۆيدىكىلەرگە تىكىلىپ قاراشتىن، شۇنداقلا ئۆيگە تەكلىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىچىگە قاراشتىن ھەزەر قىلىڭ. مۇنداق قىلىش ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەيىب ئىشتۇر. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە چېچىنى تاراۋاتاتتى، بىر ئادەمنىڭ ئۆنىڭغا سىرتتىن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئادەمگە: «سېنىڭ مۇنداق قاراۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، ئىككى كۆزۈڭنى ئويۇۋاتقان بولاتتىم، ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت سوراشتىن مەقسەت پەقەت ئۆي ئەھلىنى تەييارلىقسىز ھالىتىدە كۆرۈپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر»[2] دېگەن.

10. بىراۋنى زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، ئۆيگە سىلىق كىرىڭ، ئاياغلىرىڭىزنى سىلىق سېلىپ، مەخسۇس جايىدا رەتلىك قويۇڭ، ئاياغلارنى سېلىش ۋە كىيىش تەرتىپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سىلەر ئاياغلىرىڭلارنى كىيمەكچى بولغىنىڭلاردا ئىشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار، ئاياغلارنى سېلىشتا ئىشنى سول تەرەپتىن باشلاڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

---

[1] نۇر سۈرىسى28-ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

**11.** ساھىبخان بىلەن ئۇلتۇرىدىغان ئورنىڭىز توغرىسىدا تارتىشماڭ. ساھىبخان قەيەرگە تەكلىپ قىلسا، شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ. كۆپ تەكەللۇپ قىلماڭ. «مېھمان قويدىن ياۋاش بولىدۇ» دېگەن سۆز بار. بەلكى ساھىبخانىنىڭ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان جاي سىز ۋە ساھىبخان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋە مۇناسىپ جاي بولۇشى مۇمكىن.

ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىڭىزدا، خۇددى تەكشۈرۈشكە كەلگەن كىشىدەك ئۆي ئىچىگە سىنچىلاپ قاراپ يۈرمەڭ، يېپىق نەرسىنى ئاچماڭ، سىزنى باشلىمىغان ھۇجرىلىرىغا كىرمەڭ.

**12.** بىراۋنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ كۈن ۋە مۇناسىپ ۋاقىتنى تاللاش كېرەك. زىيارەت قىلغاندا، بەك ئۇزۇن ئولتۇرۇپ ساھىبخانىنى زېرىكتۈرىدىغان ئىشنى قىلماڭ. بىراۋنى تاماق ۋاقتىدا، ئۇخلايدىغان ۋاقتىدا ۋە دەم ئالىدىغان سائەتتە زىيارەت قىلىشتىن ساقلىنىڭ. تاماققا چاقىرغان بولسا بۇ باشقا گەپ.

**13.** قانداقلا بىر جايغا كىرگىنىڭىزدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە سالام قىلىپ كىرىڭ. قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولغىنىڭىزدا، كۆرۈشۈشنى سورۇننىڭ چوڭىدىن باشلاڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا: «ئاۋۋال چوڭىدىن باشلاڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

**14.** بىرەر سورۇنغا كەلگىنىڭىزدە ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالماڭ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇلۇق ياكى سول تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋالماڭلار»[2] دەپ

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

كۆرسەتكەن.

15. ئۈچ كىشى بىر يەردە ئولتۇرۇۋاتقان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىنى قايرىپ قويۇپ، يەنە بىرى بىلەن پىچىرلاشماڭ. بۇ ئەدەپسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۈچ كىشى بار يەردە، ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن پىچىرلاشمىسۇن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. «ئەگەر ئۇلار تۆت كىشى بولسىچۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ئۇ ۋاقىتتا ھېچ ۋەقەسى يوق»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ يەردىكى مەنئى قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئىككى كىشىنىڭ ئۈچىنچى كىشىنى قارىتىپ قويۇپ پىچىرلىشىشى ئۈچىنچى كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلماي قالمايدۇ.

16. بىر يەرگە كىرىش ياكى چىقىشتا ياشتا ياكى ئىلىمدە چوڭلارغا يول بىرىڭ. ئەگەر قايسىسىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسىڭىز، ئوڭ تەرەپتىكىلەرگە يول قويۇڭ. بىر نەرسە تەقدىم قىلىشتىمۇ ئاۋۋال چوڭلارغا بىرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «چوڭنىڭ ھەققىنى بەرگىن»[3] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

17. ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا ھەمىشە ئەدەپلىك بولۇڭ. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ ئەدەپلىك ۋە ئەڭ ياخشى، سىلىق مۇئامىلىگە ھەقلىقتۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامدىن «ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق كىشىم كىم؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق سوئالىغا «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بىرىپ، تۆتىنچى قېتىم سورىغىنىدا: «داداڭ»[4] دەپ جاۋاب بەرگەن.

---

[1] ئىمام مالىك ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئالدىنقى مەنبەدىن.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

يول يۈرگەندە ھەرگىز ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا ماڭماڭ، تائامغا ئۇلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتماڭ، ئۇلار ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال سىز ئولتۇرماڭ، ئۇلار سۆزلەشتىن ئاۋۋال سىز سۆز قىلماڭ.

18. مەسجىدكە ياكى قانداقلا بىر سورۇنغا بارغاندا ياكى بىرەر مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا چىققاندا، چىرايلىق كىيىنىپ، چاچ-ساقىلىڭىزنى تاراپ، خۇشپۇراقلىق ئەتىرلەرنى چېچىپ چىقىڭ. يېقىمسىز ھىدىڭىز بىلەن باشقىلارنى بىئارام قىلىشتىن ساقلىنىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولغىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلارنى تۈزەپ چىقىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ»[1] دېگەن.

19. سىز بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ شارائىتىغا رىئايە قىلىشنى بىلىڭ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماڭ، ئۇنىڭغا ئېغىرلىق سالماڭ، ئۇنى ئاسراشنى بىلىڭ. ئاتىلىرىمىز: «ئۆزىنى سورىغان شە سوراپتۇ» دەيدىغان ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان.

شۇنىڭدەك، سىزگە بىرى مېھمان بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ياخشى قىلىڭ. بۇ يېمەك-ئىچمەكتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئىسراپ قىلىڭ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدا نورماللىقنى ساقلاڭ، ئەمما ھۆرمەت-ئىكرامدا قانچىلىك ئاشۇرالىسىڭىز شۇنچىلىك ئاشۇرۇپ قىلىڭ. چۈنكى، بۇ سىزدىن ئوچۇق كۆڭۈل ۋە تەبەسسۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان ئىش.

20. تۇغقانلىرىڭىزدىن ياكى دوستلىرىڭىزدىن ياكى قوشنىلىرىڭىزدىن ۋەياكى خىزمەتداشلىرىڭىزدىن بىرەرسى

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى زىيارەت قىلغان تۇنجى كىشى سىز بولۇڭ. بىلىڭكى، بۇ كاتتا ساۋابلىق ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلايدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىچىدە بولىدۇ، ئۇ كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا بۇ رەھمەت ئۇنى تېخىمۇ تولۇق قورشايدۇ»[1] دېگەن. كېسەل يوقلاشتا ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىشنىمۇ ئۇنتۇماڭ. كېسەلنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇۋالماڭ، كۆپ سۆزگە كەتمەڭ، كۆڭلى بۇزۇلىدىغان سۆز ۋە خەۋەرلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتماڭ. ئۇنىڭغا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان شۇم خەۋەرنى ئېيتماقچى بولغاندا، ئۇنى مۇقەددىمىسىز ئېيتماڭ.

21. مېھماندارچىلىقلاردا ياكى قايسىبىر سورۇندا يېقىنلىرىڭىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىنىڭىزدا، ئاۋازىڭىزنى ئوتتۇراھال قىلىڭ. ئاۋازىڭىزنى ئېھتىياجغا قاراپ چىقىرىڭ. قاتتىق سۆزلەپ باشقىلارنى راھەتسىز قىلماڭ. قۇرئان كەرىم لۇقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَاغْضُضْ مِنْ صَوْتِكَ﴾ «ئاۋازىڭنى يۇقىرى قىلمىغىن»[2].

22. كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىنىڭىزدە، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئايىشىڭىز لازىم. بىراۋ سىزگە سۆزلەۋاتقاندا، سۆزلىگۈچىنىڭ كۆزىگە قاراپ جىم ئولتۇرۇپ تىڭشاڭ، ئۇياق-بۇياققا قاراشتىن، يانفونغا قاراپ ئولتۇرۇشتىن ۋە كۆزىڭىزنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش سۆزلىگۈچىنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ. لۇقمان ھەكىم ئوغلىغا: «ئوغلۇم! سەن چىرايلىق سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىڭدەك چىرايلىق ئاڭلاشنىمۇ

---

[1] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

[2] لۇقمان سۈرىسى: 19-ئايەت.

ئۆگەنگەن» دېگەن ئىكەن. سۆزلىگۈچىگە پۈتۈن دىققىتىنى بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ئاڭلاش چىرايلىق ئاڭلاشقا كىرىدۇ. ھەتتا ئۇ سىز بىلىدىغان بىر مەسىلىنى سىزگە چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىدا، سىز بۇ مەسىلىنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا چاندۇرماستىن، سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭىز لازىم. مانا بۇ ئىسلام ئەخلاقىدۇر. ئەمما مۇنازىرىلىشىش، ئۆگىنىش قىلىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا بەس-مۇنازىرە بولىدۇ.

23. سۆھبەتنىڭ ئەخلاقلىرىدىن بىرى شۇكى، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرىدىن سىز چۈشەنمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال قىلىشنى ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىنى بېرىڭ.

شۇنىڭدەك، سۆھبەتتە ياكى قايسىبىر سورۇندا باشقىلار بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇلاردىن بىرى قايسىبىر مەسىلىدىن سورالسا، سىز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماڭ. ئەگەر سىزنىڭ رەيىڭىزنى سورىسا ياكى سوئالنى سىزدىن سورىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا جاۋاب بەرسىڭىز بولىدۇ.

## ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە ئېيتىلىدىغان سۆزلەر

– بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

قانداقلا بىر ئىشنى باشلاش ئالدىدا ئېيتىلىدۇ. مەنىسىنى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەنلىك.

– ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

بىرەر مۇسۇلمان بىلەن ئۇچراشقاندا دېيىلىدۇ. مەنىسى: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دېگەنلىك.

- **ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ**

سالام قىلغان كىشىگە ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن» دېگەنلىك.

- **ماشائاللاھ**

خۇشاللىنارلىق ياكى ھەيران قالارلىق بىر ئىشنى كۆرگەندە ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ» دېگەنلىك.

- **ئىنشائاللاھ**

كېلەچەكتە قىلماقچى بولغان قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن دېيىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھ خالىسا...» دېگەنلىك.

- **سۇبھانەللاھ**

بىر ئىشتىن تەئەججۈپلەنگەندە ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھ نۇقساندىن پاكتۇر» دېگەنلىك.

- **ئەلھەمدۇ لىللاھ**

ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھقا شۈكۈر» دېگەنلىك.

- **ئاللاھقا ئامانەت ياكى خۇداغا ئامانەت**

ئۈزۈتۈشقاندا ئېيتىلىدۇ. مەنىسى:«ئاللاھقا تاپشۇردۇم» دېگەنلىك.

- **رەھمەت، ئاللاھ رازى بولسۇن**

بىراۋدىن بىرەر ياخشىلىق كۆرگەندە ئېيتىلىدۇ.

- **ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن**

ئالدىنقى تىلەكنى ئېيتقۇچىغا دېيىلىدۇ.

- **جەللە جەلالۇھۇ**

ئاللاھ تائالانىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا دېيىلىدۇ.

مەنىسى: «ئاللاھنىڭ شەنى ئۇلۇغدۇر» دېگەنلىك.

- **سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا دېيىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھ ئۇ زاتقا رەھمەت قىلسۇن» دېگەنلىك.

- **ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!**

بىراۋنىڭ ۋاپات خەۋرىنى ئاڭلىغاندا ئېيتىلىدۇ.

- **ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن!**

كېسەل يوقلىغاندا ئېيتىلىدۇ.

- **مۇبارەك بولسۇن!**

بىرەر ئۇتۇق قازانغان ياكى يېڭى كىيىم كىيگەن بىرى ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

- **كىرسەم بولامدۇ؟**

بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا، ئىشىكنى سىلىق قېقىپ، ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سوراپ كىرىش.

- **كەچۈرۈڭ**

ھەققىدە بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدىن چىرايلىقچە ئەپۇ سوراپ ئېيتىلىدۇ.

- **ھېچ ۋەقەسى يوق**

بىراۋ كەچۈرۈم سورىسا، تەبەسسۇم بىلەن چىرايلىقچە دېيىلىدۇ.

- **خوش، لەببەي**

ئاتا-ئانا ياكى ئۇستاز چاقىرغاندا دېيىلىدۇ.

- **ئەلھەمدۇ لىللاھ**

چۈشكۈرگەندە دېيىلىدۇ. مەنىسى: ئاللاھقا شۈكۈر!

- **يەرھەمۇكەللاھ يەرھەمۇكەللاھ**

چۈشكۈرۈپ، «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېگەن ئادەمگە دېيىلىدۇ. مەنىسى «ئاللاھ تائالا سىزگە رەھمەت قىلسۇن» دېگەنلىك.

- **ئاللاھ قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن**

تاماق يېگەندە، تاماق ئەتكەن كىشى ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

- **ئاللاھ ئاسانلىق بەرسۇن**

قىيىنچىلىقتا قالغان بىرىنى كۆرگەندە دېيىلىدۇ.

## بىر يۈرۈش قائىدە- يوسۇنلار

- ئۆيگە ياكى ئىشخانىغا ياكى قانداقلا ئادەم بار يەرگە كىرگەندە ياكى چىققاندا، ئۇلارغا سالام بېرىش.
- ئۆيدىكىلەردىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار ۋاقتتا ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولغاندا، ئىشىكنى چېكىپ، ئىجازەت سوراپ كىرىش.
- سورۇنغا كەلگەندە ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالماسلىق، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇدۇل ياكى سول تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىش.
- ئۈچ كىشى بىر يەردە ئولتۇرۇۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ بىرىنى قايرىپ قويۇپ، يەنە بىرى بىلەن پىچىرلاشماسلىق.
- بىر يەرگە كىرىش ياكى چىقىشتا ياشتا ياكى ئىلىمدە چوڭلارغا يول بېرىش.
- يول يۈرگەندە ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا ماڭماسلىق، تاماقتا ئۇلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتماسلىق.
- مەسجىدكە ياكى قانداقلا بىر سورۇنغا بارغاندا ياكى بىرەر مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا چىققاندا، چىرايلىق كىيىنىپ چىقىش.

- مەسجىدكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىش، چىققاندا سول پۇتى بىلەن چىقىش.
- ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدە كىشى بولسۇن ياكى بولمىسۇن سالام قىلىپ كىرىش.
- تاماق يېيىشكە باشلىغاندا ۋە تاماقتىن كېيىن قولنى يۇيۇش.
- تاماق يېگەندە بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم دەپ يېيىش.
- تاماقنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىش.
- تاماقنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە قول ئۇزاتماسلىق.
- باشقىلار بىلەن بىرگە تاماق يېگەندە تويغان بولسىمۇ، داستىخاندىن تۇرۇپ كەتمەسلىك، باشقىلارنىڭ يېيىشىنى كۈتۈش.
- ئاغزىدا تاماق بار تۇرۇپ سۆزلىمەسلىك.
- تاماق يېگەندىن كېيىن بۇ لەززەتلىك تاماقلارنى ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ دۇئا قىلىش.
- قاچىسىدىكى تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىق.
- ئاتا ـ ئانىغا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىماسلىق، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىش.
- ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇش.
- ھاجەتخانىغا كىرگەندە سول پۇتى بىلەن كىرىش ۋە ئىشتاننى تۇرۇپ كىرىش.
- ھاجەتخانىنى پاكىز تازىلىۋېتىپ، ئاندىن چىقىش ۋە ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىش.
- ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىن قولنى سوۋۇنلاپ پاكىز يۇيۇش.

- بىراۋ بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن ئۇنىڭغا سالام بېرىش.
- ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىك، بىكار قالسا پايدىلىق كىتابلارنى ئوقۇش.
- ئاپتوبۇسلاردا يېشى چوڭلارغا، ھامىلدار ياكى قۇچىقىدا بالىسى بار ئاياللارغا ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىش.
- ئىشنى قىلالماي قالغان بىرىنى كۆرسە ياردەم قىلىش.

## ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

1. اَللّٰهُ لاَ إِلٰـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَيَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ. (بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ).
2. قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ. اَللّٰهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ.وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).
3. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِن شَرِّ مَا خَلَقَ. وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ. وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).
4. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَهِ النَّاسِ. مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ. مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).
5. أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلّٰهِ، ئاخشاملىرى: «أَمْسَيْنَا وَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلّٰهِ» دەپ ئوقۇلىدۇ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ لاَ إِلٰـهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ

مَا فِي هٰذَا الْيَوْمِ وَ خَيْرَ مَا بَعْدَهُ (ئاخشاملىرى «هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَخَيْرَ مَا بَعْدَهَا» دەپ ئوقۇلىدۇ.) وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي هٰذَا الْيَوْمِ وَ شَرِّ مَا بَعْدَهُ (ئاخشاملىرى « هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهَا» دەپ ئوقۇلىدۇ) رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ. رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ فِي النَّارِ وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ.

6. اَللّٰهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا، وبِكَ أَمْسَيْنَا، وَبِكَ نَحْيَا، وبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ النُّشُورُ (ئاخشاملىرى «وإِلَيْكَ الْمَصِيرُ» دەپ ئوقۇلىدۇ). (ئۈچ قېتىم).

7. اَللّٰهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لَايَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ.

8. اَللّٰهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي (ئاخشاملىرى: «مَا أَمْسَى بِي» دەپ ئوقۇلىدۇ) مِنْ نِعْمَةٍ أَو بِأَحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فَمِنْكَ وَحْدَكَ لَا شَرِيكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ، يَا رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِي لِجَلَالِ وَجْهِكَ وَعَظِيمِ سُلْطَانِكَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

9. اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ، اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

10. حَسْبِيَ اللّٰهُ لَا إِلٰهَ إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ. (يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ).

11. بِسْمِ اللّٰهِ الَّذِي لَا يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

12. رَضِيتُ بِاللّٰهِ رَبًّا، وبِالْإِسْلَامِ دِينًا، وَ بِنَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللّٰهُ

عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيّاً وَرَسُولاً. (ئۈچ قېتىم).

13. سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ. (ئۈچ قېتىم).

14. لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَاشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. (10 قېتىم ئوقۇلىدۇ).

15. أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ.

يۇقىرىقى زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ تەرجىمىسى

1. «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسىسى[1] ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.»[2]

2. «ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ يېگانىدۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئۇ باللىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ

---

[1] كۇرسى ــ «ئورۇندۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ («ئەيسەر ـ رۇتتەفاسىر» بىرىنچى توم، 245 ـ بەت) .

[2] بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت.

ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس.»[1]

3. «(ئى پەيغەمبەر! سەن) ‹مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇقتا تولغان كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، چىگىكلەرگە دەم سالىدىغانلارنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۈبھىنىڭ رەببىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن› دېگىن»[2].

4. «(ئى پەيغەمبەر! سەن) ‹ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (بولغان ئاللاھ)قا سېغىنىپ، كىشىلەر (غەپلەتتە قالسا، ئۇلار)نىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلىدىغان، (ئاللاھنى ياد ئەتسە) چېكىنىدىغان جىن شەيتاننىڭ ۋە ئادەمىي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن› دېگىن»[3].

5. «بىز تاڭ ئاتتۇزدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، (بىز كەچ قىلدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا كەچ كىردى)، پۈتۈن ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. رەببىم! بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن، (بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن)، ساڭا سېغىنىپ بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، (بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن). رەببىم! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. رەببىم! ساڭا

---

[1] ئىخلاس سۈرىسى.

[2] فەلەق سۈرىسى.

[3] ناس سۈرىسى.

سىغىنىپ دوزاختىكى ئازابتىن ۋە قەبرىدىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

6. «ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئەتىگەن تۇردۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچلىدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، تىرىلىندىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. (قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ تەرىپىڭدۇر)»[2].

7. «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان) ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سىغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن بۆلەك مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر»[3].

8. «ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە ( ھەمدە ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ھەمدۇ سانا ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. رەببىم! سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى ۋە مەرتىۋەڭنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[4].

9. «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى

---

[1] ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ كۇپۇرلۇقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[1].

10. «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا يۆلەندىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر»[2].

11. «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[3].

12. «ئىگەم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم»[4].

13. «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھېسابىچە، ئەرشىنىڭ زىننەتلىرىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يېزىشقا يېتەرلىك سىيالارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغۇچە ھەمدۇ ساناغا لايىقتۇر»[5].

14. «يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. پادىشاھلىق، ھەمدۇسانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئۇ ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى زاتتۇر»[6].

15. «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ مەخلۇقاتىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[7].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] تەۋبە سۈرىسى 129 ـ ئايەت.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[6] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[7] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

– ئۇخلاشتىن بۇرۇن: بِاسْمِكَ اَللّٰهُمَّ أَمُوتُ وَأَحْيَا.

«ئى ئاللاھ! سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە نامىڭ بىلەن تىرىلىمەن»[1].

– ئويغۇدىن تۇرغاندا: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ.

«بىزنى ئويقۇ بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قايتا ھايات بېغىشلىغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىمەن. ئاخىرى قايتىش ئۇنىڭ تەرىپىگىدۇر»[2].

– كىيىنگەندە: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي كَسَانِي هَذا وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ.

«ماڭا بۇ كىيىمنى كىيگۈزگەن ۋە بۇنى مېنىڭ تىرىشمىسىز ماڭا ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن»[3].

– ھاجەتخانىغا كىرىشتە: اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ.

«ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئەركەك - چىشى شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن»[4].

– ھاجەتخانىدىن چىقىشتا: غُفْرَانَكَ، الْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَذْهَبَ

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

عَنِّي الْأَذَى وَعَافَانِي.

«ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن، مەندىن زىيان-زەخمەتنى يوق قىلغان ۋە مېنى سالامەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[1].

- تاھارەت ئېلىشتا: بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ.

«ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)»[2].

- تاھارەتتىن كېيىن: أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَـهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُه.

«يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[3].

- تاماقتىن بۇرۇن: اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيمَا رَزَقْتَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ بِسْمِ اللّٰهِ.

«ئى ئاللاھ! بىزگە ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەركەت بەرگەيسەن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغايسەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن»[4].

- تاماقتىن كېيىن: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هٰذَا وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلَا قُوَّةٍ.

«جىمى ھەمدۇ سانا مەن ھېچقانداق كۈچ سەرپ

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] ئىبنۇسسۇننىي رىۋايىتى.

قىلماستىن، مېنى بۇ تاماق بىلەن غىزالاندۇرغان ۋە ئۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ ئاتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن»[1].

– ئۆيدىن چىقىشتا: بِسْمِ اللّٰهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللّٰهِ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ.

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ»[2].

– ئۆيگە كىرىشتە: بِسْمِ اللّٰهِ وَلَجْنَا وَبِسْمِ اللّٰهِ خَرَجْنَا، وَعَلَى اللّٰهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا.

«ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كىردۇق، ئۇنىڭ نامى بىلەن چىقتۇق ۋە رەببىمىز ئاللاھقا تەۋەككەل قىلدۇق»[3].

– قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا: سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِيْنَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ.

«بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز بۇنىڭغا(چىقىشقا)قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»[4].

– ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندا: اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّداً الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَاماً مَحْمُوداً الَّذِي وَعَدْتَهُ.

«ئى مۇشۇ ئۇلۇغ چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

[3] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

[4] زۇخرۇف سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالامغا شاپائەت قىلىش پەزلىنى بەرگىن ۋە ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان ئالىي ماقامغا ئېرىشتۈرگىن»[1].

- مەسجىدكە كىرگەندە: اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ.

«ئى ئاللاھ! ئۇلۇغ پەزلىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[2].

- مەسجىدتىن چىققاندا: اَللّٰهُمَّ اعْصِمْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ.

«ئى ئاللاھ! مېنى قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ساقلىغىن»[3].

- ئەجەبلىنىش ۋە خوشاللىقتا: مَاشَاءَاللهُ لاَ قُوَّةَ اِلاّ بِاللهِ.

«ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ».

- كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا: قَدَّرَ اللهُ و مَاشَاءَاللهُ الْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ.

«ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ھەر ھالدا ئاللاھقا شۈكۈر».

- بىرەر ياخشىلىق قىلغان كىشىگە: جَزَاكَ اللهُ خَيْراً.

«ئاللاھ سىزنى ياخشى مۇكاپاتلىسۇن»[4].

- قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا: اَللّٰهُمَّ لاَسَهْلَ إِلاَّ مَا جَعَلْتَهُ سَهْلاً، وَأَنْتَ تَجْعَلُ الْحَزْنَ سَهْلاً إِذَا شِئْتَ.

«ئى ئاللاھ! سەن ئاسان قىلمىغىچە ئاسانلىق يوق، سەن

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

خالىساڭ قىيىنچىلىقنى ئوڭشايلىقىا ئۆرۈپ بېرىسەن»[1].

– سەپەرگە چىققاندا: اَللّٰهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفْرَنَا هٰذا، وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَه.

«ئى ئاللاھ! بىزگە بۇ سەپىرىمىزنى ئوڭشايلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنىڭ يىراقلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگىن»[2].

– كېسەل يوقلىغاندا: اَسْأَلُ اللّٰهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ أَنْ يَشْفِيْكَ.

«ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە شىپالىق تىلەيمەن»[3].

– تەزىيەدە: عَظَّمَ اللّٰهُ اَجْرَكَ.

«ئاللاھ ئەجرىڭىزنى زىيادە قىلسۇن!».

– قاتتىق غەزەبلەنگەندە: أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ.

«ئاللاھقا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[4].

– ساھىبخانىغا دۇئا قىلغاندا: اَللّٰهُمَّ أَطْعِمْ مَنْ أَطْعَمَنِي وَأَسْقِ مَنْ سَقَانِي.

«ئى ئاللاھ! مېنى غىزالاندۇرغاننى غىزالاندۇرغىن ۋە مېنى سۇغارغاننى سۇغارغىن»[5].

---

[1] ئىبنى ھەببان رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] تىرمىزى رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.